## ماتتەي (مافۇشڭ) توغرىسدا



ماتتەينىڭ يېگىدىن ۋەزىپىگە ئولتۇرغان ۋاقتى




ماتتەينىڭ قېرىپ ئۆلەي ۋاقتى

«شىنخەي ئىنقىلاۋى» نىڭ ئالدى-كەينىدە قەشقەردە «تىتەي»، «نېتەي» دەپ ئاتىلىدىغان ھەربى ۋە مەمۇرى ئەمەلدارلار ئۆتكەن ئىدى. «تىتەي» دىگىنى دىۋېزىيە قۇماندانى(شىجاڭ) دەرىجىلىك، «نېتەي» دىگىنى بىرىگادا قۇماندانى (لۈيجاڭ) دەرىجىلىك ئەمەلدار ئىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە قەشقەردە ئون نەچچە يىل ھۆكۈمرانلىق قىلغان مافۇشىڭ يەنى ماتىتەي بىر قەدەر تىپىك بولۇپ، بىر مەزگىل «پاشا» دەپ ئاتالغان. كيىن «مومچى تاز» دەپ ھاقارەتلەنگەن.

مافۇشىڭ – مىللىتى خۇيزۇ، ئەرەپچە ئىسمى مۇھەممەت يۈنۈس. ئەل ئىچىدە ئۇ ماتىتەي دەپمۇ ئاتىلىدۇ.(قەشقەردە) ئۇ يۈننەن ئۆلكىسىنىڭ خۇاپىڭ ناھىيىسىدە 1866- يىلى دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. مافۇشىڭ كىچىكىدىنلا ئۇرۇش-جىدەلگە ئامراق، خۇرىكى چوڭ، قارام ۋە قاپ يۈرەك بولۇپ ئۆسكەن. ئۇ بالا ۋاقتىدىلا ئۆزىنىڭ قارا كۈچۈگە تايىنىپ چامباشچىلىق ماھارىتىنى ئىگىلىگەن. شۇ زاماننىڭ شارائىتى بويىچە پات-پات بولۇپ تۇرىدىغان چامباشچىلار ئېلىشىشىدا مافۇشىڭ يىننەنىنىڭ ئامبىلى مافۇلۇغا ياراپ قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن مافۇشىڭ مەنچىڭ قۇشۇنى ئىچىدە تۆۋەن دەرىجىلىك ھەربى ئوفېتسىر بولىدۇ.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرىقى يىللىرىدا (1900- يىلى) سەككىز دۆلەت بىرلەشمە ئارمىيىسى جۇڭگوغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرىپ بېيجىڭنى بېسىۋالىدۇ. سىشى تەيخۇ شىئەنگە قېچىپ كەتمەك بولىدۇ. بۇ چاغدا يۈننەن ئامبىلى مافۇلۇ مافۇشىڭنى چامباشچىلىقتا ماھىر دىگەن ئىشەنچ بىلەن سىشتەيخۇنىڭ قوغدىغۇچىسى قىلىپ بەلگۈلەيدۇ. سىشتەيخۇ شىئەنگە بارغاندىن كيىن گوندى بۇتخانىسىغا كۈجە كۆيدۈرگىلى بارغاندا

مافۇشىڭنىڭ نەچچە ئون جىڭ ئېغىرلىقتىكى يوغان بىر قىلىچنى قۇلغا ئېلىپ، قىلىچۋازلىق ماھارىتى كۆرسىتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا قايىل بولىدۇ-دە ئۇنى خېنەن مەسلىھەتچى سانغۇنلۇقىغا تەيىنلەيدۇ. مافۇشىڭ خېنەندە ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان مەزگىلدە، خېنەن ئامبىلىنىڭ بەگزادىسى ھۇقۇقىدىن پايدىلىنىپ خەلقنى بوزەك قىلىدۇ. ئاياللارنى ئاياغ-ئاستى قىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن مافۇشىڭ بەگزادىنى قاتتىق ئۇرۇپ ئەدەپلەيدۇ. بۇ ئەھۋالدىن كېيىن خېنەن ئامبىلى مافۇشىڭنىڭ جىنايى قىلمىشلىرىنى توپلاپ خان ئوردىسىغا ئەرز سۇنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن مافۇشىڭ ئەمەلدىن ئايرىلىپ شىنجاڭغا پالىنىدۇ. ئۇ شىنجاڭغا كەلگەندىن كېيىن مىچۈەندە ئولتۇراقلىشىپ دېھقانچىلىق قىلىدۇ.

مافۇشىڭ ياڭ زېڭشىڭ بىلەن بىر يۇرتلۇق بولغاچقا بەزىدە ئۈرۈمچى ئەتراپىدىكى خۇيزۇلارنىڭ ئولتۇرۇش-قۇپۇشلىرىدا ئۇچرىشىپ قالىدۇ. ياڭ زېڭشىن مافۇشىڭنىڭ ئىچكى ئۆلكىدە تۇتقان مەنسەپلىرى، خەلق ئىچىدىكى ئوبرۇيى ۋە ھەربى، چامباشچىلىق ماھارىتىگە قايىل بولۇپ، ئۇنى قولغا كەلتۈرۈشكە تىرىشىدۇ ھەمدە پات-پات ئۇنىڭغا پۇل ئەبەرتىپ ئۇنى ئۆزىگە مايىل قىلىدۇ. كېيىن ئۇنى خۇيزۇ باتالىيونىغا باشلىق قىلىدۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ مافۇشىڭ ياڭ زېڭشىن ئۈچۈن تولىمۇ سەممى خىزمەت قىلىدۇ. ياڭ زېڭشىنمۇ مافۇشىڭغا ئىشەنچ باغلايدۇ. كېيىنكى ۋاقىتتا مافۇشىڭ ياڭ زېڭشىندىن كېيىن ئەمما ھەممە كىشىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان مۇھىم شەخسكە ئايلىنىپ قالىدۇ.

مافۇشىڭ چوڭ ھوقۇقنى قولغا كەلتۈرگەندىن كېيىن 1911- يىلى ئۆزىگە ئوردا-ساراي سېلىشقا كىرىشىپ، ئۈرۈمچى ليۇداۋاندىن 6 مو يەر

تاللاپ ئۆزىگە ھەشەمەتلىك سارىي سالدۇ. دەرۋازا ئالدىغا شىرنىڭ ئىككى ھەيكىلىنى ئورنۇتتدۇ. سارايىنىڭ مەركىزى ئەتراپىغا خىش ۋە ياغاچتىن ئىككى قەۋەتلىك بىنا سېلىپ خۇددى ئىچكىرى ئۆلكىدىكى ھۆكۈمەت مەھكىمىلىرىنىڭ تۈسىگە كىرگۈزىدۇ. 80 ئېغىز ئەتراپىدا بولغان بۇ سارايى خانىلىرى كۆك كاھىشلىق بۇلىدۇ.

مۇشۇ مەزگىللەردە (1912- يىلى) قۇمۇلدا تۆمۈر خەلىپە باشچىلىقىدا قوزغۇلاڭ بۇلىدۇ. ياڭ زېڭشىن كۆپ ئامالالرنى قىلىپمۇ بۇ قوزغىلاڭنى تىنجىتالمايدۇ. ئەڭ ئاخىرىدا ھىلە ئىشلىتىپ، ئۇنى ئۇرۈمچىگە تەكلىپ قىلىپ ئەكىلىدۇ. 1913- يىلى 9- ئايدا يېڭى قۇرال تارقىتىش نامىدا تۆمۈر خەلىپىنى قۇراللىرىنى تاپشۇرۇشقا قىستايدۇ ھەم تۆمۈر خەلىپىنى مۇھاپىزەتچىلىرى بىلەن يىغىن زالىدا قولغا ئېلىشنى مافۇشىڭغا تاپشۇرىدۇ. مافۇشىڭ تۆمۈر خەلىپىنى قۇرالسىزلاندۇرغاندىن كىيىن ئېتىپ ئۆلتۈرىدۇ.

شۇنىڭدىن كيىن مافۇشىڭ تېخىمۇ كۆرەڭلەيدۇ. ھەتتا ياڭ زېڭشىننىمۇ مەنسىتمەيدىغان ھالغا كىلىدۇ. ياڭ زېڭشىن بۇنى بىلىپ تۇرىدۇ. گەرچە ئۇ مافۇشىڭنى يوقۇتۇش خىيالىغا كەلگەن بولسىمۇ ئامالسىز قېلىپ، ۋاقىتلىق بولسىمۇ كۆزدىن يوقىتىش ئۈچۈن ئۇنى قەشقەرنىڭ تىتەي(ھەربى ئەمەلدار) لىكىگە تەيىنلەيدۇ. ئۇ قەشقەرگە تىتەي بۇلۇپ كەلگەندە ئۇنىڭ ئوغلى ماجىۋۇ «نېتەي» بۇلۇپ بىللە كىلىدۇ. بۇلار قەشقەرگە كىلىپ ماتىتەي يېڭى شەھەردە، ماجىۋۇ كونا شەھەردە تۇرۇپ، ئون نەچچە يىل ھۆكۈمرانلىق قىلىدۇ.

ماتىتەي ئۆچىغا چىققان شۆھرەتپەرەس بۇلۇپ، ئەيش-ئىشرەتكە بېرىلىپ خەلققە ئىنتايىن ئېغىر زۇلۇم سالىدۇ. ئۇ قەشقەردە تۇرغان

مەزگىللەردە كۆپلەپ خۇتۇن ئالدۇ. نۇرغۇن قىز-ئاياللارنىڭ ئىپپەت-نۇمۇسىغا تىگدۇ. ئۇنىڭ غالچىلىرى ئۇنىڭغا ياخشىچاق بۇلۇش ئۈچۈن چىرايلىق قىزلارنى ئالداش، زورلاش، ئوغرىلاشتەك ئۇسۇللار ئارقىلىق ئۇنىڭغا سوغات قىلىپ تۇرىدۇ.

ماتتەي يېشى 60 تىن ئېشىپ ھالسىزلانغاندىن كيىن تىۋىپلارغا قۇۋۋەت دورىسى ياساشنى بۇيرىيدۇ. بۇ دۇرىغا ئىشلىتىش ئۈچۈن قۇچقاچ لازىم بولغانلىقتىن پۈتۈن يۇرتقا قۇچقاچ ئالۋېڭى سالىدۇ. بۇ ئالۋاڭ شۇ زاماندا يۇرت ئىچىدە قالتىس ئېغىر زۇلۇم بولغان ئىدى. تىتەيگە دۇرا ياساش ئۈچۈن 100 قۇچقاچ لازىم بولسا، شەھەر ھاكىمى بەگلەرگە 200 قۇچقاچ دەپ بۇيرۇق چۈشۈرگەن. شەھەر بەگلىرى بولسا يېزا بەگلىرىگە 500 قۇچقاچ دەپ چۈشۈرگەن. يېزا بەگلىرى يۈز بېشىغا، يۈز بېشى ئون بېشىغا قاتلاپ بۇيرۇق قىلغانلىقتىن پۇقرالارنىڭ بېشىغا كەلگەندە ئۇ ئون نەچچە قاتلىنىپ بىر بەگلىك تەۋەسىدىكى پۇخرالار ئون مىڭلاپ قۇچقاچ تۇتۇشقا مەجبۇر بولغان. مانا بۇ قەشقەر تارىخىدىكى «قۇچقاچ ئالۋېڭى» ئىدى. مۇنداق زور ساندىكى قۇچقاچنى تۇتۇپ تاپشۇرۇش پۇخرالار ئۈچۈن ئىنتايىن زور قىيىنچىلىق ئىدى. يېزا بەگلىرى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، قۇچقاچنىڭ ئورنىغا پۇل تۆلەش ئىشىنى يولغا قويىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئالۋاڭنىڭ دائىرىسى كېڭىيىپ، يۇرت خەلقىگە مۆلچەرلىگۈسىز ئاپەت بولىدۇ. شۇ چاغلاردا قۇچقاچ ئالۋېڭىنى تۆلەپ كىتەلمەي قاماققا ئېلىنغانلار، ئۆي ۋاقىدىن ئايرىلىپ خانىۋەيران بولغانلار ناھيىتى كۆپ بولغان.

ماتتەي يەنە ھەشەمەتلىك قەلئە، ساراي ۋە راۋاقلارنى سالدۇرۇپ بەتخەجلىك قىلغان. بۇنىڭ بەدىلىگە خەلققە يەنە تۈرلۈك ئالۋاڭلارنى

سىلىپ، ئۇلارنى ھاشارغا تۇتۇپ ئېغىر زۇلۇم سالغان. بۇنداق زۇلۇمغا چىدىمىغان خەلق شۇ چاغلاردا مۇنداق بىر قوشاق توقۇغان.

ساۋخۇ يولى قومۇشلۇق،

ئورغاق سىلىپ ئورغان يوق.

14 يىللاپ شەھەر سورىغان،

ماتتەيدەك زالىم يوق.....

ماتتەينىڭ دەۋرىدە يۈقىرىدىكى زۇلۇم ۋە ئالۋاڭلاردىن باشقا يەنە «موم ئالۋېڭى» مۇ ناھايىتى دەھشەتلىك بولغان. بۇ ئالۋاڭدا نۇرغۇنلىغان كىشىلەر خانىۋەيران بولغان، قاماققا ئېلىنغان، ھەتتا پۇت-قوللىرى كېسىلگەن. بۇ ۋەقەنىڭ جەريانى مۇنداق: شۇ زاماندا ئۇلۇغچاتنىڭ قىزىل بويى ئەتراپىدا نىفىتلىك بولۇپ، ئۆزلۈكىدىن ئۆرلەپ قالغان ماي سازلىقلاردا ۋە سۇ يۈزىدە لەيلەپ يۈرگەن، بەزى يەرلەردە لاتقىغا ئوخشاش ئۇيۇپ قالغان ئىكەن. بۇنى كۆرگەن يەرلىك كىشىلەر تاغ ياقىسىدىن موم چىقتى دېيىشىپ يۈرگەن. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان ماتتەي ئۇنى يىغىپ، موم قىلىپ سېتىشقا بۇيرىيدۇ. روزى بەگ، جىڭچى ئىمام، ھاشىم چوڭ، ئاۋۇت ئىمام دىگەن كىشىلەرنى ئىشقا سىلىپ، قەشقەر كونا شەھەر ۋە يېڭى شەھەردىكى دۇكانلارغا بۇ مومنى كۆپلەپ ساتىدۇ. لىكىن موزدوزلار بۇنى ئىشلىتىپ كۆرۈپ ئۇنىڭ موم بولماستىن بەلكى قاراماي ئىكەنلىكىنى بىلىپ، سېتىۋېلىشتىن باش تارتىدۇ. بۇنى كۆپلەپ سېتىۋالغان دۇكاندارلار زىيان تارتىدۇ. زىيان تارتقان دۇكاندارلار موم سېتىۋېلىشنى رەت قىلسا «پادىشا» ھۆكمىگە قارشىلىق قىلدى دەپ قامايدۇ. بۇنىڭدا زىيان تارتقان ۋە زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان خەلق ماتتەينىڭ زۇلمى ئۈستىدىن ياڭ

زېڭشنغا كۆپلەپ ئەرىز-شكايەت قىلىدۇ. ياڭ زېڭشىن ماتتەينى ئەيىپلەپ خەت ئىبەرتىدۇ. ماتتەي بۇ ئەيىپلەش بەدىلىگە ئاچچىقىنى يەرلىك كىشىلەردىن ئېلىپ، قاتتىق چارە كۆرۈشكە باشلايدۇ. يەنى رۇزى بەگنى باش جىنايەتچى قىلىپ ئۇنىڭ قولىنى بېغىشىدىن كېسىپ، شەھەر ئايلاندۇرۇپ سازايى قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن تاغاچى كوچىسىنىڭ ئىمامى جىڭچى ئىمام بىلەن ھاشىم چوڭ، ئاۋۇت ئىماملارنىڭمۇ قولىنى كېسىپ سازايى قىلىدۇ. قولى كېسىلگەنلەرنىڭ قولىنى ياغدا داغلاپ قېنىنى توختاتقان بولسىمۇ لېكىن، ئۇنىڭ ئاغرىق ئازاۋىدا بەزەنلىرى ئۇزاققا قالماي ئۆلۈپ كېتىدۇ.

ماتتەينىڭ ئوغلى ماجىۋۇمۇ دادىسىغا ئوخشاش سۆلەتۋاز، ھەشەمەتخور بولۇپ، قەشقەر كونا شەھەردىكى «يۇملاق شەھەر كۆلى» بويىغا بىر راۋاق سالدۇرىدۇ. بۇنى كىشلەر نېتەي راۋىقى دەپ ئاتىشىدۇ. ئۇ بەزىدە ھاۋانىڭ ياخشى ۋاقىتلىرىدا راۋاققا چىقىپ شەھەر مەنزىرىسىنى تاماشا قىلىدۇ، كەچ ۋاقىتلىرى بولسا كانايچىلارنى سىپىلگە چىقىرىپ كاناي چالدۇرىدۇ.

ماتتەي قەشقەرگە كېلىپ ئۇزۇنغا قالمايلا ئۇزىچە كۆرەڭلەپ، بارغانسىرى ئۆز خان، ئۆز بەگ بولۇۋېلىپ، ياڭ زىڭشىنگىمۇ ئانچە بويسۇنۇپ كەتمەيدۇ. شۇ زاماندا قەشقەرنىڭ ۋالىسى جۇرۇيچىش بىلەن قەشقەر كونا شەھەر ئامبىلى ماشاۋۇنىڭ ئوتتۇرىسىدا يۇت تېپىشىش بولۇپ، ماتتەي بۇ ئەھۋالنى ئۈرۈمچىگە مەلۇم قىلماستىنلا ئۇلارنىڭ ئەملىنى ئېلىپ تاشلاپ، تامغىسىنى تارتىۋېلىپ قەشقەر شەھرىدىن قوغلاپ چىقىرىدۇ. ياڭ زېڭشىن بۇ ئەھۋالنى بىلسىمۇ ماتتەيگە سۆزىنى ئۆتكۈزەلمەي

جۇرۇيچىنى ئاقسۇغا ۋالى، ماشاۋۇنى ئۈچتۇرپانغا ۋالى قىلىپ تەيىنلەپ، بۇ ئىشنى ۋاقىتلىق بىر تەرەپ قىلغان بولىدۇ. ئەمما كۆڭلىدە ماتتەيدىن قاتتىق نارازى بولىدۇ.

دىمەك ماتتەي ئاتا-بالا ئىككىسى قەشقەردە ئۆز بەگ، ئۆز خان بولىۋېلىپ ياڭ زېڭشىنغا تولۇق ئىتائەت قىلمىغانلىقتىن، ياڭ زېڭشىن ئۇلارنى يوقىتىۋېتىش قارارىغا كېلىدۇ. لېكىن ئۇلارنىڭ قولىدا خېلى كۆپ قوراللىق قوشۇن بولغانلىقتىن ئۇنى ماشاۋۇنىڭ قولى بىلەن يوقىتىشنى پىلانلايدۇ. ماشاۋۇ بىلەن ماتتەي ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنىڭ كۈچلۈكلىكىنى بىلىدىغان ياڭ زېڭشىن ماشاۋۇغا ماتتەينى يوقىتىۋېتىش توغرىسىدا يوشۇرۇن بۇيرۇق قىلىدۇ. (1924- يىلى ماي ئايلىرى بولىشى مۇمكىن) بۇيرۇق ئالغان ماشاۋۇ تولۇق تەييارلىق كۆرگەندىن كېيىن ئۆز قوشۇنىنى باشلاپ ئۈچتۇرپان قاخشال يولى بىلەن يولغا چىقىدۇ. ئاقسۇ، كۇچاردىن تەشكىللەنگەن ياردەمچى قوشۇن رامزان ھاجى دىگەن كىشىنىڭ قوماندانلىقىدا چوڭ يول بىلەن ماڭىدۇ. بۇ ئىككى قوشۇن بىرلا ۋاقىتتا قەشقەرگە يېتىپ بېرىپ تەڭ ھەركەت قىلىدۇ. ماشاۋۇ قوشۇنى قەشقەر يېڭى شەھەرنى مۇھاسىرىگە ئالىدۇ. ئاقسۇ، كۇچاردىن كەلگەن قوشۇن قەشقەر كونا شەھەرنى مۇھاسىرىگە ئالىدۇ. ھۇجۇم بىرلا ۋاقىتتا باشلىنىدۇ. ئىككى سائەت ئەتراپىدا داۋام قىلغان قاتتىق جەڭ نەتىجىسىدە ماتتەي ئۆز رەقىبى ماشاۋۇنىڭ قولىغا چۈشۈپ، ئەڭ يوقىرى جازاغا ھۆكۈم قىلىنىدۇ. ئۇنىڭ دارغا ئېسىلغان تېنى قەشقەردە ئۈدا ئۈچ كۈن سازايى قىلىنىدۇ.


رامزان ھاجى باشچىلىقىدىكى قوشۇن سەھەردە شەھەر دەرۋازىسى ئېچىلىشى بىلەن تەڭ شەھەرگە ئاتلىق بېسىپ كىرىپ، ماجۇۇنىڭ

ئادەملىرى ئۇيقۇسىنى ئېچىپ بولغۇچە يۇملاق شەھەرنى ئىگەللەيدۇ. ماجىۇۇ ئۆزىنىڭ مۇھاسىرە ئىچىدە قالغانلىقىنى بىلىپ راۋاق تەرەپكە قاراپ قاچىدۇ، رامزان ھاجى ئۇنى قوغلاپ چىقىپ تەسلىم بولۇشقا دەۋەت قىلغاندا ماجىۇۇ ئۇنى تاپانچا بىلەن ئېتىپ تاشلايدۇ. مىنۇت ئۆتمەيلا ماجىۇۇغىمۇ ئوق تېگىپ ئۆلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ماتىتەيىنىڭ قەشقەردىكى 10 نەچچە يىللىق زۇلمەتلىك ھۆكۈمرانلىقىغا خاتىمە بېرىلىدۇ. خەلق تۆۋەندىكىدەك قوشاق توقۇيدۇ:

ماتىتەي تۇلۇم چاشقان،
ئالۋاننى تولا چاچقان.
ئالۋاننى تولا سىلىپ،
دارغا ئېسىلىپ ياتقان.

ئەسرە ھۆسسېين قازىباجىم

# ماتتەي ۋە ئانارقىز پاجىئەسى



قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

ئىمرھۈسەيىن قازىھاجىم

# ما تىنتەي ۋە ئانارقىز پاجىئەسى

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابدۇرېھىم ھاشىم

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

图书在版编目（CIP）数据

马提台和阿娜尔克孜的悲剧/阿布都热依木·阿西木著. 一喀什：喀什维吾尔文出版社，2002. 10
ISBN 7－5373－1057－2

Ⅰ. 马… Ⅱ. 阿… Ⅲ. 短篇小说－中国－当代－维吾尔语（中国少数民族语言）Ⅳ. I247. 7

中国版本图书馆 CIP 数据核字（2002）第 081257 号

喀什维吾尔文出版社出版发行
（喀什市塔吾古孜路 14 号　邮编：844000）
各地新华书店经销
喀什维吾尔文出版社编辑部排版
《喀什日报》社印刷厂印刷
787×1092 毫米 1/32 开本 2. 125 印张
2002 年 10 月第 1 版　2002 年 10 月第 1 次印刷
印数：1— 3270 定价 ：4. 50 元

## نەشرگە تەييارلىغۇچىدىن

بۇ ئەسەرنىڭ ئاپتورى ئىمىرھۈسەيىن قازىھاجىم 1900-يىل 4-ئايدا قەشقەر شەھەر ئىچى قازانچى كوچىسىدا مەرىپەتپەرۋەر ئائىلىدە تۇغۇلغان. ئۇ، قارىيخانا ۋە مەدرىسەلەردە ئوقۇغان، ئەينى چاغدىكى كونىشەھەر ناھىيىسىنىڭ مەھكىمە شەرئىيدە خىزمەت قىلغان. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئىمىرھۈسەيىن قازىھاجىم تارىخ، تەزكىرە تەتقىقاتى ۋە شېئىرىيەت ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللانغان. XI ئەسىردە ئۆتكەن ئاتاقلىق ئۇيغۇر ئالىمى، تىلشۇناس، «تۈركىي تىللار دىۋانى» ناملىق قامۇسنىڭ ئاپتورى مەھمۇد قەشقەرىنىڭ قەبرىگاھىغا ئائىت مۇھىم يازما ھۆججەت بىلەن تەمىنلەپ، زور تۆھپە قوشقان. ئۇ، 1986-يىل 9-ئاينىڭ 5-كۈنى سەئۇدى ئەرەبىستاندىكى ھەج پائالىيىتى جەريانىدا كېسەللىك سەۋەبىدىن ۋاپات بولۇپ، شۇ يەرگە دەپنە قىلىنغان.

بۇ ئەسەر ئىمىرھۈسەيىن قازىھاجىمنىڭ 1954-يىلى يېزىلغان «تارىخىي ئەسەر ۋاقىئەئى كاشغەر» ناملىق قوليازما ئەسىرىگە قوشۇپ تۈپلەنگەن بولۇپ، 1960-يىلى قايتا يېزىلغان. ماڭا بۇ ئەسەرنىڭ قوليازمىسىنى 2000-يىل 7-ئايدا قەشقەر شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ئورگىنىدىكى شەمشىدىن ھاجىم بەرگەن، ئۇنىڭغا ئىمىرھۈسەيىن قازىھاجىمنىڭ قىزى ھېپىزە خېنىم ھاجىم تەقدىم قىلغان ئىكەن. بۇ قوليازمىنى نەشرگە تەييارلاش

جەريانىدا، قىسمەن مەسىلىلەرنى تۆۋەندىكىچە ھەل قىلدىم:

1) ئەسەردىكى ھىجرىيە يىلنامىسىنى مىلادىيە يىلنامىسىغا سۇندۇرۇپ ئالدىم. ئەرەبچە - پارسچە سۆزلۈكلەر، ئەينى دەۋرگە خاس سۆز - ئاتالغۇ ۋە خەنزۇچە مەنسەپ ناملىرىنىڭ ئۇيغۇرچە لۇغەت مەنىسىنى ئىشلىدىم، ياكى بەت ئاستىدا ئىزاھات بەردىم.

2) مەزكۇر ئەسەر ھەم نەسرىي، ھەم نەزمىي ئۇسلۇبتا يېزىلغان بولۇپ، بەزى نەزملەرنى ۋەزىن ئېتىبارى بىلەن تۈزەتتىم. قىسمەن نەزملەرنى نەسرىي شەكىلگە ئۆزگەرتىپ، بايان ئۇسلۇبىدا ئىشلەتتىم.

3) بۇ ئەسەرنىڭ ئەسلىي نامى «زالىم ما تىتەينىڭ زۇلۇم داستانىدىن بىر ئەسلەتمە — خاتىرە» بولۇپ، ئۇنىڭدا بايان قىلىنغان مۇھىم تارىخىي ۋەقەنى چۆرىدىگەن ھالدا، ئەسەر نامىنى «ما تىتەي ۋە ئانارقىز پاجىئەسى» دەپ ئۆزگەرتتىم. ئەسەرنىڭ قورۇلمىلىرىنى «كىرىش سۆز»، «ئاخىرقى سۆز» ۋە باب - ئابزاسلارغا ئايرىپ چىقتىم. ھەرقايسى بابلارنىڭ مەزمۇنىغا ئاساسەن ماۋزۇ قويۇپ، مۇۋاپىق مۇندەرىجە تۈزدۈم.

قوليازمىدا ئۇچرىغان بەزى قىيىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا قەشقەر شەھىرىدىكى ئوقۇمۇشلۇق پېشقەدەم زاتلاردىن مۇھەممەت ئوسمان ھاجىم، ئابدۇۋاقى ھاجىم يېقىندىن ياردەم بەردى، ئۇلارنىڭ خالىس نىيىتىگە رەھمەت ئېيتىمەن. ئەسەرنى نەشرگە تەييارلاش جەريانىدا كۆرۈلگەن سەۋەنلىكلەرگە قارىتا، كەڭ ئوقۇرمەنلەرنىڭ تەنقىدىي تۈزىتىش بېرىشىنى سورايمەن.

2001 - يىل 11- ئاي، قەشقەر

## مۇندەرىجە


كىرىش سۆز ........................................ 1

بىرىنچى باب ما فۇشىڭنىڭ قەشقەرگە تىتەي بولۇپ تەيىنلەنگەنلىكى ۋە مەنسەپكە ئولتۇرغانلىقىنىڭ بايانى ................................................ 4

ئىككىنچى باب ما تىتەينىڭ ئوردا - راۋاق سالدۇرغانلىقى ۋە سوخو قەلئەسىنى بىنا قىلدۇرغانلىقىنىڭ بايانى ........................................ 10

ئۈچىنچى باب يېڭىسارلىق بەگنىڭ ئانارقىزنى ئۆيىدىن ئالداپ ئېلىپ چىققانلىقى ۋە ما تىتەيگە سوۋغا قىلغانلىقىنىڭ بايانى ............................ 18

تۆتىنچى باب ئانارقىزنىڭ ما تىتەي ئوردىسىدىكى كەچۈرمىشى ۋە ئۇنىڭ سۆيگىنى روزى باتۇر قەساس يولىدا قۇربان بولغانلىقىنىڭ بايانى ........................................... 24

بەشىنچى باب ئانارقىزنىڭ ما تىتەي ئوردىسىدىن بىرىنچى قېتىم قاچقانلىقى ۋە تۇتۇلۇپ قېلىپ، قايتۇرۇپ كېلىنگەنلىكىنىڭ بايانى ......... 31

ئالتىنچى باب ئانارقىزنىڭ ما تىتەي ئوردىسىدىن

ئىككىنچى قېتىم قېچىشقا ئۇرۇنۇپ جازالانغانلى-
قى ۋە ئانىسى سارىخاننىڭ قىزىنى ئەسلەپ،
ھەسرەت چەككەنلىكىنىڭ بايانى.................. 40
يەتتىنچى باب ئانارقىزنىڭ ما تىتەي ئوردىسىدىن
ئۈچىنچى قېتىم قېچىپ، ئۆزىنى دەرياغا تاشلاپ
ئۆلگەنلىكى ۋە ئانىسى سارىخان قىزىنىڭ قەبرى-
سىدە جان ئۈزگەنلىكىنىڭ بايانى .......... 46
ئاخىرقى سۆز ................................ 56

## كىرىش سۆز

مىلادىيە 1911- يىلى سۇن جۇڭشەن جانابلىرى رەھبەر-لىكىدىكى شىنخەي ئىنقىلابى غەلىبە قىلىپ، مەنچىڭ ھۆكۈمىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، جۇڭخۇا مىنگو ھۆكۈمىتى قۇرۇلغانلىقى ئېلان قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن مەملىكىتىمىزدە پادىشاھلىق تۈزۈمى ئاخىرلىشىپ، جۇمھۇرىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. ئەينى چاغدا شىنجاڭنىڭ ئۆلكە باشلىقى بولغان يەن داخۇا 1912 - يىل 6 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن ئىستىپا بېرىپ، ئورنىنى ياڭ زېڭشىنغا ① بوشاتتى. ئۇ، 1914- يىلى ما فۇشىڭنى قەشقەرگە تىتەي② قىلىپ بەلگىلىدى. ما فۇشىڭنىڭ قەشقەرگە تىتەي قىلىپ تەيىنلىنىشىدىكى سەۋەبلەر بىرقانچە تۈرلۈك بولۇپ، ئاساسلىقى شۇكى، ئۇ ياڭ

① ياڭ زېڭشىن (1863 — 1928) نىڭ تەخەللۇسى دىڭ چىڭ، ئەسلىي يۇرتى جياڭسۇنىڭ شاڭيۈەن (جياڭنىڭ ناھىيىسى)دىن، كېيىن يۈننەندە چوڭ بولغان. ئۇ، 1888- يىلى ئەمەلدارلىق ئىمتىھانىدىن ئۆتۈپ تەشرىپدار بولغان، كېيىنكى يىلى ئوردا ئىمتىھانىدىن ئۆتۈپ كىچىك ئەمەلدار بولغان، 1908- يىلىغىچە گەنسۇ ۋە خېجۇ (نىڭشىيا) دا ئەمەلدار بولغان، 1911- يىلى ئاقسۇنىڭ ۋالىيلىقىغا تەيىنلىنىپ، شىنجاڭغا كەلگەن، 1912- يىلى شىنجاڭنىڭ ئۆلكە باشلىقى بولغان، 1928- يىل 7- ئايدا ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەن.

② تىتەي — دېۋىزىيە قوماندانى دەرىجىلىك مەنسەپ نامى.

زىگشىن بىلەن يۇرتداش، ئۇنىڭدىن قالسا، ياڭ زېڭشىنىنىڭ شىنجاڭنىڭ باش ھەربىي – مەمۇرىي ئەمەلدار بولۇشىغا ما فۇشىڭ ئۇرۇمچىدە تۇرۇپ تەرەپ - تەرەپكە قاتراپ، جامائەت پىكرى تەييارلاپ ئاكتىپ خىزمەت قىلغان. يەنە بىر تەرەپتىن ئېيتقاندا، ياڭ زېڭشىنىنىڭ قارىشىچە، ما فۇشىڭ ۋەزىيەتكە قىزىقمايدىغان سىياسىي كور، كونىلىققا مەھكەم ئېسىلىۋالىدىغان قالاق، بىلىمسىز ۋە نادان خاراكتېرلىك شەخسىيەتچى ئادەم ئىدى.

ئاڭلىشىمىزچە، ما فۇشىڭ يۈننەن ئۆلكىسىنىڭ خۇاپىڭ ناھىيىسىدىن بولۇپ، 1866- يىلى خۇيزۇ دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئۇ، بالا ۋاقتىدا چامباشچىلىق ماھارىتى ئۆگىنىپ، يۈننەندە تۆۋەن دەرىجىلىك ھەربىي ئوفىتسېر بولغان، كېيىن خېنەن ئۆلكىسىنىڭ مەسلىھەتچى سانغۇنلۇقىغا تەيىنلەنگەن ۋە گۇناھ ئۆتكۈزۈپ شىنجاڭغا پالانغان. ما فۇشىڭنىڭ 1914- يىلىدىن 1924- يىلىغىچە بولغان 10 يىل جەريانىدا، قەشقەر- دىكى ھەر مىللەت ئەمگەكچى خەلقىغە سالغان زۇلۇملىرى توغرىسىدا ئۆز دەۋرىدىكى قەشقەر خەلقىنىڭ قەلبىدە چوڭقۇر تارىخىي خاتىرىلەر قالغان. كىشىلەر ئۇنى «يۈننەن ما تىتەي»① دەپ ئاتاشقان.

مەن بۇ ئەسەرگە كىرگۈزگەن تارىخىي ۋەقەلەرنىڭ بىر قىسمىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەن، بىر قىسمىنى ئاشۇ تارىخىي ۋەقەلەرنىڭ ئۈستىدە تۇرغان ۋە شېڭ شىسەي دەۋرىدە قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ باشلىقى

① يۈننەن ما تىتەي — يۈننەنلىك ما تىتەي دېگەن سۆز.



بولغان، يېڭىشەھەر قىچىچىلىق مۇھەممەتبەگ دېگەن كىشى تەپسىلىي سۆزلەپ بەرگەن. ما تىتەي ئوردىسىنىڭ ئىچكى ئەھۋالى بىلەن ئانارقىزنىڭ پاجىئەسىنى ئۆز ۋاقتىدا ما تىتەي ئوردىسىدا خىزمەت قىلغان، ھازىر قەشقەر شەھرى ئەبرىشىمكا كوچىسىدا ئولتۇرۇشلۇق كىيىم تىككۈچى كېرىم مەككە دېگەن كاسىپنىڭ سىگلىسىدىن سۈرۈشتۈرۈپ، تەپسىلىي خاتىرە قالدۇرغان ئىدىم، بۇ ۋاقىت 1929 — 1931- يىللار ئىدى. بۇ ئەسەردە بايان قىلىنغان تارىخىي ۋەقە ۋە كەمىنە مۇئەللىپ تۈزۈپ، كىرگۈزۈلگەن نەزمىلەردە يېتەرسىزلىك ھېس قىلىنغان مەزمۇنلار بولسا، جامائەتنىڭ ئەيۇ نەزىرىدە تولۇقلاپ كېتىشىنى سورايمەن.

# بىرىنچى باب ما فۇشىڭنىڭ قەشقەرگە تىتەي بولۇپ تەيىنلەنگەنلىكى ۋە مەنسەپكە ئولتۇرغانلىقىنىڭ بايانى

## 1

مىلادىيە 1914- يىلى شىنجاڭنىڭ ئۆلكە باشلىقى ياڭ زېڭشىن ئۈرۈمچىدە تۇرۇۋاتقان خۇيزۇ باتالىيون باشلىقى ما فۇشىڭ ئىسىملىك كىشىنى چاقىرتىپ، ئۇنى قەشقەر ۋىلايىتىگە تىتەي قىلىپ تەيىنلىگەنلىكىنى ئۇقتۇرغان. ئاندىن ما فۇشىڭدىن كۈتىدىغان ئۈمىدى، ئۆزىنىڭ ھاكىمىيەت باشقۇرۇشتىكى بىر قاتار سىياسىي قاراشلىرىنى بايان قىلىپ، مۇشۇ بويىچە ئىش كۆرۈشنى قاتتىق جېكىلەپ، ئۇنى قەشقەرگە يولغا سالغان.

ما فۇشىڭ قەشقەرگە كەلگەندىن كېيىن، چىڭسەن دارىن دېگەن كىشىدىن تىتەيلىك تامغىنى تاپشۇرۇپ ئېلىپ، رەسمىي تىتەيلىك مەنسىپى بىلەن يېڭىشەھەردىكى ئوردىدا ئولتۇردى. ئۇ ئۆزىگە قاراشلىق ھەربىي قىسىمنى كۆزدىن كەچۈرۈپ چىققاندىن كېيىن، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى بارلىق سىياسىي ۋە مەمۇرىي ئەمەلدارلارنى، قەشقەردە تۇرۇشلۇق



چاررۇسىيە، ئەنگلىيە كونسۇلخانىسىنىڭ خادىملىرىنى ھەمدە مۇناسىۋەتلىك كىشىلەرنى چاقىرىپ، كاتتا زىياپەت قىلىپ كۈتۈۋالدى. ئۇ، زىياپەتتە سۆز قىلىپ، ئۆزىنىڭ ياڭ زېڭشىن تەرىپىدىن قەشقەرگە « تىتەي »لىككە بەلگىلەنگەنلىكىنى ئېلان قىلدى، ئارقىدىنلا ئۆزىنىڭ ھاكىمىيەت باشقۇرۇشتىكى سىياسىي كۆزقاراشلىرىنى بايان قىلىپ، بۇرۇنقىلار ماڭغان يولدا ماڭىدىغانلىقى، ياڭ زېڭشىننىڭ سىياسىتىنى سادىقەتمەنلىك بىلەن ئىجرا قىلىدىغانلىقى ھەققىدە كۆپ توختىلىپ ئۆتتى.

ئارىدىن ئۈچ كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، ما تىتەي قەشقەر شەھىرىدىكى نوپۇزلۇق ئاخۇن، ئىشان، باي، سودىگەر، سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسى باشلىقلىرىنى يېڭىشەھەردىكى ئوردىسىغا چايغا چاقىردى ۋە كاتتا زىياپەت بەردى. ما تىتەي خۇيزۇلارنىڭ ئادىتى بويىچە بېشىغا ئاق داكا سەللە يۆگەپ، ئۇچىسىغا قەدىمكى ئۇزۇن چاپوزە كەڭرى چاپان، پۇتىغا مەسە ـ كالاچ كىيىپ، يەنە سەككىز نەپەر مۇھاپىزەتچىگە سەللە ئوراتقۇزۇپ ۋە ئۇلارنى قوراللاندۇرۇپ، زىياپەتتىكى كىشىلەر ئالدىغا «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم» دەپ كىرىپ كەلدى. ئۇ، قەشقەر شەھىرىدىن چىققان ئاخۇنلار بىلەن قول بېرىپ كۆرۈشتى، ئارقىدىن باي، سودىگەرلەر بىلەن كۆرۈشۈپ چىقىپ، كۆپچىلىككە قاراپ: «ئارىڭىزلاردا قارىي بولسا قۇرئان تىلاۋەت قىلسۇن» دېدى. ئاپپاق خوجا جامەسىنىڭ قارىيسى مىرزا قارىي يۇقىرى ئاۋاز بىلەن قىرائەت قىلغاندىن كېيىن، ما تىتەي ئورنىدىن تۇرۇپ ئاخۇنلاردىن دۇئا ئالدى.

— ھەربىرلىرىگە ئۆلكە باشلىقى ياڭ دارىن جياڭجۈن

جانابلىرىنىڭ سالىمىنى يەتكۈزۈش بىلەن ھەربىرلىرىنىڭ سالامەتلىكىنى سوراپ ئۆزۈمنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتەي،— دېدى ما تىتەي مېھمانلارغا قاراپ، — مېنىڭ ئىسمىم يۇنەن ما فۇشىڭ، ئەرەبچە ئېيتقاندا مۇھەممەت يۇنۇس، مىللىتىم خۇيزۇ، ئىسلام دىنىدىكى ھەنەپىل مەزھىپىدە، چوڭ مەسچىت خۇيزۇ ئېتىقادچىلىرىدىن بولىمەن. ئۇلۇغ ئىلتىپاتلىق ياڭ جياڭجۇن دارىن جانابلىرى مېنى ھەربىر پۇقرا - خەلقنىڭ تىنچلىق ئىچىدە تۇرمۇشلىرىنىڭ پاراغەتتە ئۆتۈشى ئۈچۈن خىزمەتكە ئەۋەتتى.

ما تىتەي سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ مۇنداق دېدى:

— قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ قايسى رايونىدىكى دوتەي، شەنگەنلەر مۇسۇلمانلارنىڭ دىنىي ئۆرپ - ئادەتلىرىگە ھۆرمەت قىلمايدىغان بولسا، ئېغىر ئالۋان - ياساق سالسا، ساگلاردىكى ئاشلىقلارغا خىيانەت قىلىدىغان بولسا، سىلەر ئۆز ۋاقتىدا كېلىپ ماڭا ئەھۋالنى ئېيتىپ قويۇڭلار. ھەممە ئىشنى ئادالەت بىلەن سورايمەن. قىمارۋازلىق، پاھىشۋازلىق، پارىخورلۇق، مۇشتۇمزورلۇق ئىشلارغا يول قويمايمەن؛ ئەپيۇن، نەشە چەككۈچىلەرنى قاتتىق جازالايمەن.

زىياپەت زالىدا ئولتۇرغانلار بىردەك:« ئۇلۇغ ئىلتىپاتلىق جياڭجۇن دارىننىڭ ئۆمرى ئۇزاق بولسۇن، دۆلەت - ھۆرمىتى زىيادە بولسۇن، ئۆزلىرىنىڭمۇ ئۆمرى ئۇزاق، ئىقباللىرى يۇقىرى بولسۇن» دەپ توۋلىشىپ، مۇبارەكلەش تەنتەنىسى باشلىنىپ كەتتى.

ما تىتەي سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ يەنە شۇنداق دېدى:

— مەن ئۈچ خىل ئىشنى قىلماقچىمەن. بىرىنچى، مەسچىت ياسايمەن. ئىككىنچى، كۆۋرۈك سالىمەن. ئۈچىنچى، چۆل - باياۋان، بىنەم يەرلەرگە دەرەخ تىكىپ، پۇقرالارغا ئاسان بولۇش ئۈچۈن تۈگمەن - سوقىلارنى قۇرۇپ چىقىمەن.

بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغان يۇقىرى ئەمەللىك ئالۋان - ياساق چاچقۇچىلارنىڭ گۇلقەقەلىرى ئېچىلىپ: «بىزلەر ھەممىمىز ئۆزلىرىنىڭ بۇ ئۇلۇغ دانا ھەرىكەتلىرىگە پۈتۈن كۈچىمىز بىلەن ياردەمدە بولىمىز» دەپ ۋەدە قىلىشتى.

سۆز تۈگىگەندىن كېيىن كەڭرى داستىخان سېلىنىپ، قۇيماق بىلەن چاي قويۇلۇپ، ھەر خىل يېمەكلىك بىلەن زىياپەت بېرىلدى. زىياپەت ئاخىرىدا ئاخۇنۇملارغا بىر قىشتىن قارىچاي، بايلارغا بىر كېيىملىكتىن ماسكا تاۋار رەخت قويۇلدى.

زىياپەت ئاخىرلاشقاندا، ما تىتەي: «مەن بۇ ھەپتە ئاپپاق خوجا مازىرى بىلەن ھېيتگاھ جامەسىنى كۆرۈپ چىقىمەن» دېدى. بۇ سۆزنى ئاڭلىغان قەشقەردىكى كاتتا باي — ئۆمەرباي دەرھال ئىنكاس قايتۇرۇپ: « مېنىڭ ئۆيۈم ئاپپاق خوجامغا بارىدىغان يول ئۈستىدە. شۇڭا، جانابلىرىغا مالال كەلمىسە، ئۆيۈمگە قەدەم تەشرىپ قىلىپ ئۆتسىلە، كۆپ خۇرسەن بولار ئىدىم» دەپ ما تىتەينى ئۆيىگە تەكلىپ قىلدى. شۇنىڭ بىلەن زىياپەت ئاخىرلىشىپ مېھمانلار تۇزاپ چىقتى.

مېھمانلار يېگىشەھەردىن يانغۇچە ئۆزئارا: « ما تىتەي ناھايىتى ياخشى مەنسەپدار ئىكەن. قەشقەر ۋىلايىتىگە مۇشۇنداق ئەمەلدارنىڭ كېلىشى ناھايىتى ياخشى ئىش بولدى» دېيىشىپ، خۇشال ھالدا قەشقەر شەھىرىگە قايتىپ كىرىشتى.

## 2

يېڭىشەھەر تىتەي ئۇردىسىدىكى زىياپەتتىن قايتقان قەشقەر شەھىرىدىكى يۇقىرى قاتلام ھەر ساھە كىشىلىرى ما تىتەيىنىڭ قەشقەر شەھىرىگە كىرىشىنى كۈتۈپ تۇرغان بولدى. ئارىدا بەش كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، ما تىتەيىنىڭ ئاپپاق خوجا مازىرىغا كېلىش خەۋىرى ئاڭلاندى. بارلىق باي، سودىگەرلەر، ئاخۇنلار ئۆمەربايىنىڭ چايخانىسىغا يىغىلىپ مەسلىھەتلىشىپ، ما تىتەيىنى قارشى ئېلىش ئۈچۈن، قىزىل دەرياسىنىڭ بويىدىكى «سەككىز تاش» دېگەن يەرگە كېلىپ، ما تىتەيىنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ تۇردى. بىرھازادىن كېيىن، ما تىتەي نۇرغۇن ھەربىي قوغدىغۇچىلىرىنىڭ ھىمايىسىدە كاناي چېلىپ، جاراڭ-جۇرۇڭ ئاۋاز بىلەن سېرىق ماكازا تاۋار چاپان كىيگەن ھالدا تەيفۇنجا ① مەپىدە ئولتۇرۇپ يېتىپ كەلدى. باي، ئاخۇنلار ما تىتەيىنىڭ ئالدىغا بېرىپ سالام قىلىپ، ھۆرمەت بىلدۈرگەن ھالدا، بىرلىكتە قەشقەر شەھىرىگە كىرىپ، ھېيتگاھ جامەسى ئالدىدا توختىدى.

ما تىتەي باشلىق بارلىق كىشىلەر ھېيتگاھ جامەسىگە كىرىپ ئىككى رەكەت ناماز ئوقۇپ بولغاندا، ما تىتەي ئۆمەربايدىن: «بۇ جامەنى كىم ياسىغان؟» دەپ سورىدى. ئۆمەرباي ھېيتگاھ جامەسىنىڭ بىرقانچە قېتىملىق ياسىلىش تارىخىنى سۆزلەپ بەرگەندىن كېيىن، ما تىتەي: «بۇ جامەنىڭ ياسىلىشىدىن ناھايىتى خۇشال بولدۇم. مەن يېڭىشەھەردىمۇ چوڭ

① تەيفۇنجا — بىخەتەر قومۇش مەپە.



جامەدىن بىرنى ياسىتىمەن» دېگەندە، ئەتراپىدا تۇرغان باي-ئاخۇنلار ما تىتەيىنىڭ سۆزىنى قۇۋۋەتلەپ، «بىزمۇ ياردەم قىلىمىز» دەپ ۋەدە بېرىشكەن بولدى.

ما تىتەي ھېيتگاھ جامەسىدىن يېنىپ ئاپپاق خوجا مازىرىغا راۋان بولدى. ئاپپاق خوجا مازىرىغا بارغاندا، مازار قارىغۇچىسىغا ئىشىكنى ئاچقۇزۇپ، مازار ئىچىدىكى قەبرىلەرنى كۆرۈپ بولغاندىن كېيىن، مازار شەيخلىرى بىلەن مازاردىكى تىلەمچىلەرگە 50 سەر داچەننى ئۈلەشتۈرۈپ بېرىپ قايتتى.

ما تىتەي ئاپپاق خوجا مازىرىدىن قايتىپ، يول ئۈستىدە ئۆمەر بايىنىڭ نەزەرباغدىكى تۈمەن دەريا بويىغا سېلىنغان باغ ھويلىسىغا كېلىپ چۈشتى. ما تىتەي ئۆمەربايىنىڭ باغ ھويلا گۈلزارلىقىنى كۆرۈپ، ھەيرانلىق ئىچىدە ھۇزۇرلانغاچ گۈلزارلىقنى ئايلىنىپ چىقتى. ئۆمەرباي باشلىق قەشقەر شەھىرىدىكى بارلىق بايلار، ئاخۇنلار ما تىتەيىنىڭ شەنىگە كاتتا زىياپەت ئۇيۇشتۇردى. ما تىتەي كېتەر ۋاقتىدا ئۆمەرباي 15 پارچە چوڭ قىزىل گۈللۈك خوتەن گىلىمى، 100 جۈپ بېپىجىك خەيۋەن چىننىسى قاتارلىق ئېسىل بۇيۇملارنى ما تىتەيگە سوۋغا قىلدى.



# ئىككىنچى باب ما تىتەينىڭ ئوردا - راۋاق سالدۇرغانلىقى ۋە سوخو قەلئەسىنى بىنا قىلدۇرغانلىقىنىڭ بايانى

## 1

ما تىتەي بارلىق مەمۇرىي ئورگانلارنىڭ ھوقۇقىنى ئۆز قولىغا ئېلىپ، بۇ ئورۇنلارغا ئۆزىگە سادىق، ئىشەنچلىك ئادەملەرنى بەلگىلەپ، بۇرۇنقى ئەمەلدارلارنى ئورنىدىن ئېلىپ تاشلىدى. قەشقەر ۋىلايىتىدىكى ھەربىر ئورۇنغا يېڭىدىن ئەمەلدار تەيىنلىدى. بۇلار بەگ، يۈزبېشى①، پاششاپ②، چەكادە③ قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىدى. مەسلەن، شاپى موللا، فەن لۇڭگەن، لۇ شىجاڭ، نۇجيا، ما پىلاڭ، ھاۋاخان بەگ... قاتارلىقلار. ئۇلار ئالدى بىلەن يېڭىشەھەر ئەتراپىدىكى خۇيزۇ دېھقانلارنىڭ مال - مۈلكىنى «دارىنغا لازىم» دەپ تارتىپ ئالدى. بۇندىن باشقا، دېھقان - چارۋىچىلارغا ئالۋان - ياساق قويىدى، بېرەلمىگەنلەرنى ئۇرۇپ قامىدى. ئېغىر ئالۋان - ياساق

① يۈزبېشى — بەگدىن تۆۋەن ئەمەل.
② پاششاپ — ئامانلىق ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان ئەمەلدار.
③ چەكادە — ئامانلىق - تازىلىق خادىمى.



دەستىدىن نۇرغۇنلىغان كەمبەغەللەر ئۆي - ماكانىنى تاشلاپ، ياقا يۇرتلارغا قېچىپ كەتتى. بەزى قېرى، مېيىپ كىشىلەرنىڭ ئالۋان - سېلىقنى بەرگۈدەك ھېچ نەرسىسى قالمىغاچقا، نارەسىدە قىز - ئوغۇللىرىنى ھىندىستانلىق جازانىخورلارغا سېتىپ، ئالۋان - سېلىقنى تۆلەشكە مەجبۇر بولدى. بۇ كىشىلەرنىڭ بالىلىرىنى سېتىۋالغانلاردىن قەشقەر كونىشەھەر بورا خىلتاي① رايونىدا بىرقانچە ھىندى جازانىخور بولۇپ، بۇلار سوپى باي ھىندى، باي موللا ھىندى، پارس باي، چەندان باي، جەندىرالى باي ھىندى دېگەنلەردىن ئىبارەت. 70 ياشقا كىرگەن باي موللا ھىندى بورا خىلتاي رايونىنىڭ چارەك كەنتىدىكى كەمبەغەل دېھقان سالمان دېگەن كىشىنىڭ سۇلتانخان ئىسىملىك 12 ياشلىق قىزىنى 25 سەر كۈمۈش تەڭگىگە سېتىۋالغان بولۇپ، بۇ نارەسىدە قىزنى ئۆزىگە خوتۇن قىلىپ بىرقانچە پەرزەنت كۆرگەندىن كېيىن، ئۇنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن. سۇلتانخاندىن تۇغۇلغان دەۋلان، مۇتىرام ئىسىملىك بالىلىرىنى ئېلىپ ھىندىستانغا چىقىپ كەتكەن. ئاشۇ ھىندىلار ئېلىپ كەتكەن بالىلارنىڭ ئەۋلادلىرى ھازىرمۇ بار.

ما تىتەينىڭ ئەمەلدارلىرى خەلققە سالغان ئالۋان - ياساق ھېسابىغا يېتىپ كەتتى. ما تىتەينىڭ قول ئاستىدىكى ھەربىر چېرىك باشلىقى بەش - ئالتىدىن قىز - ئاياللارنى نىكاھىغا كىرگۈزۈپ خوتۇن قىلىش بىلەن ئۇلارنى خارلاپ، قىمار، نەشە، ئەپيۇن چېكىشتەك يامان ئادەتلەرگە ئۆگەتتى، كېيىنلىرى پۇقرالارنىڭ ئۆيلىرىگە ئوغرىلىقچا چۈشۈشكە مەجبۇرلىدى.

① بورا خىلتاي — ھازىرقى بۇلاقسۇ يېزىسى.

مەسىلەن، ما تىتەينىڭ چېرىكلىرىدىن 50 چېرىكنىڭ باشلىقى بولۇۋالغان نامەت شىجاڭ سەككىز ئايالنى يۇقىرىقىدەك ناشايان ئىشلارغا سالغان. ئۇنىڭ روزىۋانەك، ھەمرا بارماق دېگەن خوتۇنلىرى بىرقانچە ئوغرىلار بىلەن بىرلىشىپ ئەسكى ئىشلارنى قىلغان. ما تىتەينىڭ قول ئاستىدىكى بارلىق چېرىك ۋە كۇۋەندەيلەر① پۇقرالارنى ئۆزى خالىغانچە ئۇرۇپ - سوققان. قىمارۋازلىق، پاھىشىۋازلىق، ئەپيۇنكەشلىك، پارىخورلۇق، ئوغرىلىق قاتارلىق ناشايان ئىشلار ئەۋجىگە چىققان. ئۆز ۋاقتىدا بۇ ھەقتە تۆۋەندىكىچە نەزم توقۇلغان:

چېرىك يېتىلەپ يۈرگەن بەش- ئالتىدىن ياڭگاگزە ②،
نان دېسە سۇرۇپ قوغلاپ ئۆلگۈچە ئۇرۇپ گاگزە ③،
سوغۇقتا توڭۇپ ئۆلگەن جۇگان بالا باڭگازە ④،
شوپاڭدا ئىچىپ ياتقان كۇبرۇسى بىلە لاڭگازە ⑤،
ھەر كۈندە چېكەر ئەپيۇن خوتۇنى بىلە بەش باگزە ⑥.

## 2

بۇ خىلدىكى ھايات ئەندىزىسىدىن خاتىرجەم بولغان ما

① كۇۋەندەي — نازارەتچى.
② ياڭگاگزە — خوتۇن.
③ گاگزە — جازا قورالى.
④ باڭگازە — پەتەك، كىچىك ئايال.
⑤ كۇبرۇسى بىلە لاڭگازە — ھاراقنى تۈگى بىلەن كۆتۈرۈپ ئىچىپ، يۆلىنىپ ئولتۇرۇش.
⑥ بەش باگزە — چېكىشكە تەييارلانغان بەش پىلتە ئەپيۇن.



تىتەي ئۇرۇمچىدىكى ئوغلى ما جۇۋونى قەشقەرگە يۆتكەپ كېلىپ، 1918— 1919- يىللىرى ئىچىدە قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ئىچكى تىنچلىق ساقلاش ئىدارىسىنىڭ ئەمەلدارلىقىغا نىتەي① قىلىپ بەلگىلىدى. ما تىتەي يەنە ئۆز قىزى داشۇجيانى يۇقىرى مەمۇرىي مەنسەپكە بەلگىلىدى.

ما تىتەي ھېچقانداق ئەمەلدارغا ئەمەلىي ھوقۇق بەرمەي، ۋىلايەت، ناھىيە ھەم يەرلىك ئەمەلدارلارنىڭ ھوقۇقىنىمۇ ئۆز قولىغا مەركەزلەشتۈرۈۋالدى. ئىقتىسادىي ئەھۋالى بىرقەدەر ياخشى بولغان دېھقان، تىجارەتچى، چارۋىچى، ئاخۇنۇم ۋە ئىشانلارغا 100 — 200 يامبۇ ② غىچە پۇلنى مەجبۇرىي بېرىشنى بۇيرۇپ، بۇ پۇللارنى يىغىۋالدى. پۇل بېرەلمىگەن ياكى ئارقىغا سوزغان كىشىلەرنى قامىدى. مەسىلەن، قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسىدىكى بارىن يېزىسىنىڭ موللىسى ئەمەت ئاخۇن خەلپىتىمنى قاماپ، 100 يامبۇ، 5000 سەر كۈمۈش تەڭگە ئالغاندىن تاشقىرى، ما تىتەينىڭ قىزى داشۇجيا 1000 سەر كۈمۈش، 20 يامبۇ ئېلىپ، ئاندىن قاماقتىن چىقاردى. بۇ خىلدىكى ئەھۋاللار كۆپ بولغان ئىدى.

بۇ ئىشلاردىن سىرت، ماتىتەي ئۆزىگە تەۋە ناھايىتى كاتتا، ھەشەمەتلىك ئوردا - ساراي سالدۇرۇشقا پەرمان ئېلان قىلغان. ئۇ، يېڭىشەھەرگە ئوردا - ساراي سالدۇرۇش ئۈچۈن، قەشقەر ۋىلايىتىدىكى بارلىق ھۈنەرۋەن - كاسىپلارنى يىغىپ، ئوردىغا كېرەكلىك ياغاچ - تاشلارنى خەلققە سېلىق قىلىپ

① نىتەي — بىرىگادا قوماندانى دەرىجىلىك ئەمەل.
② بىر يامبۇ — 50 سەر كۈمۈشكە تەڭ.

چېچىپ، ئوردا سىلىشقا كىرىشكەن. ئوردا غايەت زور ۋە كاتتا بولۇپ، ئوردا ئىچىگە راۋاق ياسىتىپ چىققان. بۇ ئوردىغا تىتەي يامۇلىدىن كەلگۈچە 1500 مېتىر ئارىلىقتا كۆۋرۈكلۈك يول ياساپ شەھەر ئۈستىدىن ئۆتكۈزگەن. بۇ ئاسما كۆۋرۈككە غايەت زور تۈۋرۈكلەرنى ئىشلەتكەن. كۆۋرۈكلۈك يولدا ما تىتەي ئوردىسىدىن يامۇلغا، يامۇلدىن ئوردىغا قايتقۇچە تۆت چاقلىق ئورۇس ھارۋىسىغا چىقىپ كەلگەن ۋە كەتكەن. بۇ ئوردىغا «لۇ»① دەپ نام بەرگەن. ئوردا ئىچىدە ئالىي دەرىجىلىك يەتتە ئۆي بولۇپ، ھەممىسى ھەشەمەتلىك ياسالغان.

ما تىتەي 500 تۈگمەن ياساتقۇزغان، تۈگمەن تاشلىرىنى نەچچە مىڭ ئادەم تاغدىن توشۇپ ئېلىپ كەلگەن. تۈگمەن ياساش چىقىمىنى خەلقتىن ئالغان. نامرات خەلق ما تىتەينىڭ ھاشار ـ سېلىقلىرىغا تۇتۇلۇپ، ئىشلەش جەريانىدا مۇنداق قوشاقلارنى توقۇغان:

ئىشلە، باللار ئىشلە، جاننىڭ بارىچە ئىشلە،
ئىشلەپ ئاشنى بىز تاپساق، داشۇجيا خېنىم چىشلە.

يىللار بويى ئىشلەيمىز سوقا بىلەن تۈگمەنگە،
بىرئاز ئارام ئالساق بىز، ئۇرىدۇ چېرىك ـ بەگگە ②.

كېچىلەردە يول يۈردۇق، قار ـ يامغۇر، شىۋىرغاندا،
ئانام كۆرۈپ يىغلايدۇ پۇتلىرىم قاپارغاندا.

---

① لۇ — قەيتۇر، راۋاق.
② بەگگە — ئەپيۇنكەش چېرىك.



تۈگمەن تېپشى كۆتۈرۈپ، ھاردۇق يەتسە چوڭ سايدا①،
ھامان ئۇرغىنى ئۇرغان پۇت ـ قولۇمغا بازغاندا ②.

بۇرنۇم قانىدى دوستلار خا ياغاچ كۆتۈرگەنچە،
ھەيدەپ ئۇرار كۈۋەندەي قوۋۇرغام كۆكەرگۈنچە.

يىغلاپ يالۋۇرۇپ تۇرساق «ئۇششۇق ـ مۇتتەھەم» دەيدۇ،
رەھمە ئەتكىلى ھېچكىم يوق، بېگىم پارىنى يەيدۇ.

ئىشلە، باللار ئىشلە، يىغلىغان بىكار ئىكەن،
ئانىسى تۇغۇپ قويسا، تىتەيگە چاكار ئىكەن.

## 3

ما تىتەي ئۆزىنىڭ نام ـ شۆھرىتىنى تېخىمۇ كۆتۈرۈش ئۈچۈن، قەلئەلىك شەھەر سېلىش نىيىتىگە كەلدى. بۇ ـ شەھەرگە زۇلۇم بىلەن ئۇل سېلىش، ئادەم قېنى بىلەن لاي ئېتىش، ئادەم جەستى بىلەن سېپىل قوپۇرۇشتەك دەھشەتلىك ئىش ئىدى. ما تىتەي قەلئەلىك شەھەرنى سېلىشقا قارار قىلىپ، شەھەر سېلىش ئۈچۈن مۇۋاپىق كېلىدىغان يەر ئىزدەتتى. ئۇ، چاپارمەنلىرىنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن تازغۇن جاڭگىلىنىڭ جەنۇبىدىكى پاقىلىق دېگەن كەگرى جاڭگالنى كۆرۈپ كەلدى. ما تىتەي قەلئەلىك شەھەر سېلىش ھەقق-

---

① چوڭ ساي — يېڭىسارنىڭ غەربىدىكى چوڭ ساي.
② بازغان — كالتەك.

ـدىكى بۇيرۇقنى ئۆز كاتىپىغا يازدۇرۇپ پەرمان ئېلان قىلدى.
قەلئەلىك شەھەرنىڭ سېپىل قورۇلۇشىغا، جەنۇبىي شىنجاڭ بويىچە ھەر كۈنى 60 مىڭ كىشى قاتناشتى. سېپىل قۇرۇلۇشىغا ئىشلەش جەريانىدا، كېسەللىك ۋە ئاچلىق تۈپەيلى بىرقانچە يۈز كىشى ئۆلۈپ كەتتى.

قەلئەلىك شەھەر قۇرۇلۇشىغا ئالۋان - سېلىق سېلىش جەريانىدا ما تىتەيىنىڭ ئەڭ يېقىن ئادىمى شاپى موللا باتۇڭ يېزىسىدىن 500 چارەكلىك يەر - زېمىن ئالدى، باغ - ھويلا ياساتتى. فەن لۈگگەنمۇ بۇ جەرياندا بېيىپ كەتتى. ما تىتەي سوخو قەلئەسىنىڭ سېپىللىرىنى بىر ئايدا پۈتكۈزۈپ، سېپىل ئىچىگە بىرقانچە رەت ئىمارەتلەرنى سالدۇرۇپ، قەلئە ئىچى - سىرتىغا بىرقانچە يۈزمىڭ تۈپ مېۋىلىك ۋە مېۋىسىز دەرەخ تىككۈزدى. بۇنىڭغا «تىتەي پاشا بېغى» دەپ نام بەردى.

ما تىتەي سوخو قەلئەسىنى پۈتكۈزۈپ بولغاندىن كېيىن، «سوخو قەلئەسىنىڭ پۈتكەنلىكىنى مۇبارەكلەش» دېگەن نام ئاستىدا، پۈتكۈل قەشقەر ۋىلايىتىدىكى پۇقرا ۋە يەرلىك ئەمەلدارلارغا سېلىق چاچتى. بۇ سېلىقنى چېچىش ھارپىسىدا ما تىتەيىنىڭ باللىرى، فەن لۈگگەن، شاپى موللا، ھاكىم مىراقبەگ، يۈزبېشىلار جامائەتچىلىك ئىچىدە: «سوخو قەلئەسىنىڭ پۈتكەنلىكىنى مۇبارەكلەش لازىم» دېگەن سۆزنى تارقاتتى. ھەرقايسى ناھىيىلەرنىڭ ھاكىم، مىرابېگ، يۈزبېشى، قازى، ئەلەملىرى ھەرىكەتكە كېلىپ، ھەركىم ئۆز ئەھۋالىغا يارىشا سوۋغا تەييارلاپ، ما تىتەيىنىڭ ئالدىغا ئەكېلىپ قويدى. بۇ سوۋغىلار ئىچىدە تىللا، يامبۇ، زىلچا - گىلەم، تاۋار - دۇردۇن، زەرباب، تەتىللا، كەمچەت؛ تۆگە، ئات، قېچىر،



ئېشەك، ئۆكۈز، سېغىنلىق ئىنەك، چوڭ قوي؛ تاغ ھايۋانلىرىدىن بۇغا، مارال، شىر، يولۋاس، ئېيىق، كېيىك؛ قۇشلاردىن قارا قۇش، لاچىن، قارچىغا، بۇلبۇل، شاتۇتى قاتارلىقلار بار ئىدى. بۇ سوۋغىلارنى قىسمەن يۈزبېشىلار، بەگلەر خۇشامەت يۈزىسىدىن، بەزىلىرى قورقۇنچ يۈزىسىدىن، قىسمەنلىرى مەنسىپىنىڭ تېخىمۇ ئۆستۈرۈلۈش تەمەسىدە بەردى. ئالتە ئاي ئىچىدە كېلىپ بولغان بۇ سوۋغىلارنىڭ ھەممىسى كەڭ كەمبەغەللەرگە چاچقان سېلىقتىن يىغىلغان ئىقتىسادقا كەلگەن ئىدى. ما تىتەي بۇ سوۋغىلارنى كۆزدىن كەچۈرۈپ تولىمۇ خۇشال بولدى.

## ئۈچىنچى باب يېڭىسارلىق بەگنىڭ ئانارقىزنى ئۆيىدىن ئالداپ ئېلىپ چىققانلىقى ۋە ما تىتەيگە سوۋغا قىلغانلىقىنىڭ بايانى

### 1

ما تىتەي ياش قىزلارنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، ئۆز غالچىلىرى ئارقىلىق: «تىتەي پاشانىڭ ئوردىسىغا بىرقانچە كېنىزەك لازىم. شۇنىڭ ئۈچۈن، تىتەي پاشاغا يارىغۇدەك ساھىبجامال قىزلارنى ئېلىپ كېلىپ، تىتەي پاشاغا تۆھپە قىلىپ خىزمەت كۆرسىتىش كېرەك» دېگەن گەپنى تارقاتتى. بۇ رەزىل تەشۋىقاتتىن خەۋەردار بولغان ئاۋام خەلق ئەندىشە ئىچىدە غەمگە پاتتى. بەزىلەر قىزلىرىنى ئېلىپ ھەر تەرەپكە قېچىشقا باشلىدى. قىسمەن ۋىجدانسىز يۇرت باشلىقلىرى ما تىتەيگە ياخشى كۆرۈنۈش ۋە ئۆز ئەمەلىنىڭ تېخىمۇ ئۆستۈرۈلۈشىنى ئويلاپ، تەرەپ - تەرەپكە قاتراپ، كىملەرنىڭ چىرايلىق، ساھىبجامال قىزى بارلىقىنى سۈرۈشتە قىلىشقا باشلىدى.

قەشقەر ۋىلايىتىگە قاراشلىق يېڭىسار ناھىيىسىنىڭ مەلۇم رايونىدا ئولتۇرۇشلۇق ئانارقىز ئىسىملىك بىر يېتىم بالا بار



ئىدى. ئۇنىڭ دادىسى بەختىۋاي ئىككى يىل بۇرۇن ما تىتەينىڭ خانئېرىق دەرياسىغا ياساتقان تۈگمەنلىرىگە تاش كەلتۈرۈش سېلىقىغا ھەيدىلىپ، «ئېتىم چاغرى» ① نىڭ تېگىدە تۈگمەن تېشى قومارغىچىلىك، تاغ گۈمۈرۈلۈپ چۈشۈپ ۋاپات بولغان ۋە شۇ ئورۇنغا دەپنە قىلىنغان. ئۇنىڭ ئايالى سارىخان يېتىم قالغان ئانارقىزنى بېقىپ چوڭ قىلغان. ئانارقىز بەكمۇ ساھىبجامال، قارا قاشلىق، قارا چاچلىق، چولپان كۆزلۈك، بوي قەددى نازىنىن، سۆزى چۈچۈك، ئەقىللىق، ئۆزى يېقىملىق، ئىشچان، ھوشيار بولغاچقا، يۇرتتىكى نۇرغۇن يىگىتلەرنىڭ كۆزى چۈشكەن ئىدى. ئانارقىز ئۆز يۇرتىدىكى ئۆزى بىلەن تەڭدىمەتلىك روزى باتۇر ئىسىملىك ئەمگەكچان، زېرەك يىگىت بىلەن مۇھەببەتلەشكەن بولۇپ، توي قىلىشقا سەككىز كۈن قالغان ئىدى. ئانارقىز 17 ياشتا بولۇپ، كېچە - كۈندۈز تۇل ئانىسى سارىخاندىن ئايرىلمايدىغان بالا ئىدى. بۇ ئىككى ئاجىزە بىر - بىرى بىلەن مۇڭدىشىپ، بىر - بىرىگە تويماي، غۇربەتچىلىك بىلەن ھايات كەچۈرۈپ كېتىپ باراتتى.

ئانارقىز گۈزەلدۇر جامالىدا نۇر،
ھايالىق، ۋاپادار، ساداقەت زوھۇر ②.

ئانىسىغا مۇشفىق ئانارقىز ئەجەب،
خۇي - خۇلقى، ئەخلاقى تامامى ئەدەپ.

---

① ئېتىم چاغرى — يېڭىسارنىڭ ئوچا يېزا تەۋەسىدىكى كەنت بولۇپ، شۇ كەنتنىڭ غەربىدىكى تاغدىن تۈگمەن تېشى چىقىدۇ.

② زوھۇر — قوزغىلىپ چىققۇچى.

يۈزى قىپقىزىل ئەتىرگۈلىدۇر پورەك،
چېچەن، كۆڭلى نازۇك، ئاجايىپ زېرەك.

بويى تال چىۋىقتۇر يېشىل نوتىدەك،
چىشى ئۈنچىدۇر، لېۋى شاتۇتىدەك.

ئوماق يۈز، خۇمار كۆز، قارا قاشلىرى،
يېپىلغان مۇرىسىگە ئۇزۇن چاچلىرى.

بېشى چىلگىگە ئوخشاش، كېلىشكەن بۇرۇن،
قىلار ئىشنى ئويلاپ، سۆزىدۇر ئورۇن.

قولىدۇر مىسالى يىپەكتىن سىلىق،
بېلى بىر سىقىمچە، تېنىدۇر بېلىق.

ئەگەر كۈلسە خۇش خۇلقىدىن نازلىنىپ،
ئۇنى كۆرسە كىم بولار مۇھەببەتكە غەرق.

## 2

بۇ رايونىدىكى بەگ ئۆز كۆڭلىدە «ئانارقىزنى ما تىتەيگە تۆھپە قىلسام، بۇ تۆھپەم بەدىلىگە مېنىڭ مەنسىپىم تېخىمۇ يۇقىرى بولۇشى تۇرغان گەپ» دەپ ئويلاپ، خوتۇنى بىلەن مەسلىھەت قىلىشىپ، قىزى ئارقىلىق ئانارقىزنى ئۆيىدىن ئالداپ ئەكېلىش قاپقىنىنى قۇرۇپ چىقتى. بەگنىڭ ئايالى



قىزىغا: «قىزىم، ئىچىڭ پۇشۇپ زېرىكىپ قالدىڭ، باغدا مېۋىلەرمۇ پىشىپ كەتتى. سەن ئانارقىزنى چاقىرىپ كېلىپ، باغدا بىرلىكتە كۆڭۈل ئېچىڭلار، مەن مانتا ئېتىپ تۇراي» دېگەن ھىيلە گەپ بىلەن قىزىنى يولغا سالدى. بەگ ئاقتۇ① بازىرىدىن ئۈچ جىڭ گۆش كەلتۈردى. بەگنىڭ قىزى سارىخاننىڭ ئۆيىگە بېرىپ، ئانارقىزغا: «جۇرۇڭ، بىزنىڭ ئۆيگە بېرىپ باغدىكى مېۋىلەرنى يەپ، ئويناپ كېلىڭ. ئانام ئۆز ئاغزى بىلەن سىزنى باشلاپ كېلىشنى ئېيتتى» دەپ، ئانارقىزنى باشلاپ كەلدى. ئانارقىز بەگنىڭ ئۆيىگە كىرگەندە، بەگنىڭ خوتۇنى دەرھال خۇش تەبەسسۇم بىلەن:

— ۋاي بالام ئانارقىز، كېلىڭ قىزىم، تازا ياخشى ۋاقىتدا كېلىپسىز. مېنىڭ قىزىم زېرىكىپ، بىرگە ئوينايدىغان كىشى بولمىغاچقا، سىزنى چاقىرتىپ كەلگەن ئىدىم. سىلەر باغدا سەيلە قىلغاچ ئويناپ تۇرۇڭلار، مەن سىلىگە غىزا قىلىپ بېرەي، — دەپ مانتا ئېتىشكە قوپۇپ، ناماز شامدىن ئۆتكەندە مانتىنى پىشۇرۇپ داستىخانغا قويدى. تاماق يېيىلىپ بولغاندىن كېيىن ئانارقىز: «كەچ بولۇپ كەتتى، ئانام ئەنسىرىمىسۇن، مەن كېتەي» دەپ ئورنىدىن قوپتى. ھىيلىگەر بەگنىڭ خوتۇنى: «خاتىرجەم بولۇڭ، بىز سىلەرنىڭ ئۆيگە كىشى ئەۋەتتۇق، سىلىنى قىزىم بىلەن قونۇپ قالىدۇ، خاتىرجەم بولسۇن دەپ» دېگەن ياغلىما گەپلەر بىلەن ئۇنى قوندۇرۇپ قالدى. يېرىم كېچە بولغاندا، بەگ ئۆيىدىكى يىلقىچىغا ھارۋىنى قوشتۇرۇپ، ئانارقىز بىلەن قىزىنى ئويغىتىپ

① ئاقتۇ 1955- يىلىغىچە يېگىسار ناھىيىسىگە قاراشلىق بولۇپ، ھازىر قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستىغا تەۋە ناھىيە.

ھارۋىغا چىقىشنى بۇيرۇدى. ئانارقىز: « بۇ كىچىدە قەيەرگە بارىمىز؟» دەپ ھەيران قالدى. بەگ مۇغەمبەرلىك بىلەن: « بىزنىڭ تۇغقانلار ئىچىدە توي بولىتى، قىزىم بىلەن ئىككىڭلارنى شۇ يەرگە ئاپىرىپ ئوينىتىپ كېلىمەن» دېدى. ئانارقىز: «مېنىڭ كىيىمىم مۇشۇنداق تۇرسا، قانداق بارىمەن، ئۆيگە بېرىپ كىيىم يەڭگۈشلەپ كېلەي» دېگەندە، بەگنىڭ خوتۇنى: « غەم قىلمىسىلا بالام، قىزىمنىڭ كىيىملىرى كۆپ» دەپ، ئانارقىزغا ئۆز قىزىنىڭ ئېسىل كىيىملىرىنى كىيدۈرۈپ قويدى. ئانارقىز: « بۇ كىچىدە ماڭغۇچە، تاڭ ئاتقاندا بارساق بولمامدۇ» دېگەندە، بەگ: « ھازىر ھاۋا ياخشى، ئەتە ماڭساق بەك ئىسسىققا قالىمىز» دەپ جاۋاب بەردى.

بەگ ئۆز قىزى بىلەن ئانارقىزنى ھارۋىدا ئولتۇرغۇزۇپ، سوخو يولىغا راۋان بولدى. ئۇلار شۇ ماڭغىنىچە يوپۇرغا دەرياسىنىڭ بويىدىكى «يىڭگىئېرىق ئاغزى» دېگەن يەردە ئولتۇرۇشلۇق بىر كاززاپ دوستىنىڭ ئۆيىگە چۈشتى . بەگ بۇ دوستىغا پىچىرلاپ بىرنېمىلەرنى دېدى. بەگنىڭ دوستى بۇلارنى مېھمان قىلغان بولدى. ئانارقىز بىر مۇدھىش ۋەقەنىڭ ئۆز بېشىدا سادىر بولىدىغانلىقىدىن گۇمان قىلىپ قارىسا، تويدىن ھېچقانداق ئەسەر يوق. ئۇ دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ: «مەن كېتەي، ئانام ئەنسىرەپ قالمىسۇن» دەپ، ئۆينىڭ دەرۋازىسى تېشىغا چىقىۋالدى. بەگ شۇملۇق ئىشلىتىپ: «سىز كەتسىڭىز بولىدۇ، مېنىڭ قىزىم 3 – 4 كۈن بۇ دوستۇمنىڭ تويىدا ئويناپ كەتسۇن، مەن سىزنى ئۆيىڭىزگە ئاپىرىپ قوياي» دەپ، يول بىلمەيدىغان ئانارقىزنى ھارۋىدا ئولتۇرغۇزۇپ، سوخو قەلئەسىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى.



بەگ ئالدى بىلەن ئانار قىزنى شاپى موللىغا كۆرسەتتى. شاپى موللا ئانارقىزنىڭ ھۆسن - جامالى، قەددى - قامىتىگە قاراپ ھەيران قالدى - دە، بەگ بىلەن ئانارقىزنى دەرھال ماتتەيىنىڭ قېشىغا باشلاپ كىردى. يىگىسار بېگى ما تىتەيگە سالام قىلغاندىن كېيىن، ئالدى بىلەن ئۆزىنى تونۇشتۇردى، ئاندىن ئانارقىزنى كۆرسىتىپ: «جانابىي پاشا ئالىيلىرى، ئۆزلىرى ماقۇل بولسىلا، بۇ قىزنى ئۆزلىرىگە تەقدىم قىلدىم» دەپ قول قوۋۇشتۇرۇپ تۇردى. ما تىتەي ئانارقىزنى كۆرۈپ ناھايىتى خۇشال بولۇپ، يىگىسار بېگىگە قوشۇمچە ئۆز يۇرتىنىڭ پاششاپلىق ئەمىلىنى ئاتا قىلدى.



## تۆتىنچى باب ئانارقىزنىڭ ما تىتەي ئوردىسىدىكى كەچۈرمىشى ۋە ئۇنىڭ سۆيگىنى روزى باتۇر قىساس يولىدا قۇربان بولغانلىقىنىڭ بايانى

1

ما تىتەي ئوردىسىغا كىرىپ قالغان ئانارقىز ئوردا ھاياتىدا قانداق ئىشلارنىڭ يۈز بېرىدىغانلىقى ھەققىدە قورقۇنچلۇق گۇمان - ئەندىشىلىرىنى مەيۈسلەنگەن ھالدا ئويلاپ، چوڭقۇر ئازاب بىلەن ھەسرەت چېكىشكە باشلىدى. يەنە ئانىسى سارىخاننىڭ سەرسان - سەرگەردان بولۇپ، ئۆزىنى ئىزدەۋاتقانلىقى؛ ئۆزىنىڭ مۇھەببەت سۆيگۈسى بولغان روزى باتۇر ئانارقىزنىڭ غايىب بولغانلىق خەۋرىنى ئاڭلاپ، مۇھەببەت ئوتىدا قانداق ئازابلىق كۈنلەرنى ئۆتكۈزۈۋاتقانلىقىنى بىرمۇبىر كۆز ئالدىدىن ئۆتكۈزۈپ، ھەسرەتلىك كۆز ياشلىرىنى تۆكتى.

ما تىتەي كەچ كىرىش بىلەن ئۆز ياتىقىغا ئانارقىزنى چاقىرتىپ كەلتۈرگەندىن كېيىن، ئانارقىزنى يېنىدا ئولتۇرغۇزۇپ، ئۇنىڭ ھۆسن - جامالى تولىمۇ گۈزەل ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ نەپسى تاقىلدىدى. ئۇ، ئانارقىزنىڭ تېنىنى سىلىغان بولۇپ ئۆزىگە تارتىپ، شالداما كالپۇكىنى ئانارقىزنىڭ يۈزىگە



مايىل قىلدى. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن ئانارقىزنىڭ ۋۇجۇدىغا تىترەك ئولىشىپ، زار - زار يىغلىدى. ئانارقىزنىڭ پاك جىسمى بۇ بەتبەخت تەرەپكە مايىل بولماي، يورۇق دۇنيا كۆزىگە قاراڭغۇ كۆرۈنۈپ، يېتىمچىلىكىنىڭ، جۇدالىقىنىڭ دەرد - پىراقىدا: « بۇ ئازابقا قالغۇچە خۇمدانغا تاشلىنىپ ئوتتا كۆيۈپ ئۆلسەم رازى ئىدىم. ئاھ ، دەردىم!» دەپ يىغلاپ كەتتى. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن ما تىتەي « ئانارقىز بۈگۈن كەلدى، مېنىڭ شارائىتىم بىلەن 2 — 3 كۈن تونۇشسۇن» دەپ ئويلاپ، شۇ كۈنى كېچىسى ئۆز نەپسىنى باشقا خوتۇنلىرى بىلەن قاندۇرغان بولدى.

ما تىتەينىڭ قىياپىتى تولۇم چاشقاندەك سەت، كۆزلىرى جۇۋالدۇرۇز تۆشۈكىدەك ئىدى.

قېرى، پاسكىنا، كۆكيۆتەل، سەت، رەزىل،
تۈگمەس يامانلىق قىلىپ نەچچە يىل.

يۈزىدە قېنى يوق بوغۇملۇق چايان،
ئىچىدە زەھىرى كۆپ، بېشى تاز يىلان.

ئېگەكلىرى ئۇنىڭ يۈزىدىن ئېگىز،
بۇ تازنىڭ كۆزى يا چېكىت، يا بىگىز.

سېسىق ياغدا پىشقان مونەك باشلىرى،
كى بىر يەردە تۇرغان كۆزى، قاشلىرى.

بېشى يالتىراقتەك قىلۇر قار ياغار،
تولۇم گەردىنىدە يىرىك تۈكمۇ بار.

تاماق يېسە ماكماك ئاقىدۇ شالى،
ماغزاپقا تولىدۇ چاشكا، پىيالى.

پاناق بۇرنىدىن پوتلا، زەرداپ ئاقار،
كۆزىدىن داۋاملىق چاپاقلار چىقار.

چىشى يوق بۇنىڭ ئېيىق ئاغزىدەك،
قاپاق، مەڭزى ئۇششۇق قاپاق لازىدەك.

ئەگەر ماڭسا مايمۇن سۇپەت دوڭغىيار،
قاچان ماڭسا مەلئۇن سۇرەت قىڭغىيار.

هاياتى بۇنىڭكى داۋاملىق هاراق،
هاراق ئىچمىسە كۆزىدىن يوقىلار قاراق.

## 2

ئۈچ كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، ما تىتەي ئوردىدا خىزمەت قىلىۋاتقان دەڭسەيچى① ئايالغا: «بۈگۈن ئانارقىزنى يوتقانغا هازىرلاش ئۈچۈن تەييارگەرلىك قىلىشقا سەن مەسئۇل» دېدى. دەڭسەيچى ئايال ماقۇللۇقىنى بىلدۈرۈپ، تىتەي يېنىدىن چىقتى. ئۇ دەرهال ئانارقىزنى يۇيۇندۇرۇپ - تازىلاپ، بەدىنىگە خۇش پۇراق ئەتىر چېچىپ، يېڭى كىيىم كىيدۈرۈپ تەييار-

① دەڭسەيچى ــــ ما تىتەينىڭ ئوردىسىدىكى ئايال خىزمەتكار.



لىدى. بۇ خىل هالەتنى كۆرگەن ئانارقىز ئۆزى ئۈچۈن چوڭ بالا - قازانىڭ يۇزلەنگەنلىكىنى، بۇ زۇلمەتلىك كېچىنى ئويلاپ، بارلىق ئەزالىرىغا تىترەك ئولىشىپ، هېچ ئىلاجىنى قىلالماي هەسرەت ئىچىدە قالدى.

كەچ سائەت يەتتىلەردە ما تىتەينىڭ شۇم نەپسى تاقىلداپ، كۆپ هاراق ئىچىپ مەست هالىتىدە ياتاق ئۆيىگە كىرىپ، دەڭسەيچى ئايالغا ئانارقىزنى كەلتۈرۈشنى بۇيرۇدى. دەڭسەيچى ئايال ئالدىراپ - تەمتىرەپ ئانارقىزنى يېتىلەپ تىتەي قېشىغا كەلتۈردى. ئانارقىزنىڭ كۆزىدىن ئوت يېنىپ، ئۆزىنى بىلەلمەي هالى خاراپ، هەرىكەتلىرى سۇسلىشىپ، قورققىنىدىن تىنىق چىقىرىشقا قادىر بولالماي قالدى. قېرى تىتەي دەڭسەيچى ئايالغا ئىشارەت قىلىپ، ئانارقىزنىڭ كىيىملىرىنى سالدۇرۇشقا بۇيرۇدى. ئانارقىز بۇ ئەهۋالنى كۆرۈپ نارازىلىق بىلدۈرۈپ، قۇتۇلۇشنىڭ يولىنى تاپالمىغان هالەتتە پەرىشان بولدى. دەڭسەيچى ئايال ئانارقىزنى قېرى تىتەيگە قوشۇپ، ئۆينىڭ مىلەڭزىسى تېشىدا ئوخلىماي ئولتۇردى. بۇ، تىتەي ئوردىسىنىڭ ئادىتى ئىدى. مەسىلەن، كېچىدە تىتەي بىر ئايال بىلەن بىرگە ياتقاندا، ئىككى نەپەر دەڭسەيچى ئايال مىلەڭزە تېشىدا ئۇخلىماي ئولتۇراتتى. ما تىتەي هاراق مەستلىكى بىلەن ئانارقىزنى مۇباششىرەتكە① يۈز كەلتۈرۈپ، بىچارە ئانارقىزنىڭ نازۇك تېنىنى مەجرۇھ قىلدى.

شۇنىڭدىن كېيىن، بىچارە ئانارقىز ئەلەم - هەسرەت ئىچىدە كېسەل بولۇپ قالغان بولسىمۇ، ما تىتەي هەر كېچە

① مۇباششىرەت ــــ ئەيش - ئىشرەت.

شۇم نەپسىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن، بۇ خىل ئىپلاس ھەرىكىتىنى داۋاملاشتۇردى. بىچارە ئانارقىز ئۆلۈمگە رازى بولۇپ، بۇ ۋەھشىي چىلبۆرىگە يېقىن يولاشقا ئۇنىماي، ئۆز دەردى بىلەن كېسەل بولۇپ يېتىپ قالدى. ئانارقىزنىڭ كېچىلىك ئىسىياندىن غەزەپلەنگەن ما تىتەي ئانارقىزنى يالىڭاچلاپ، ئىككى تىللىق ئىنچىكە سىم قامچا بىلەن ئۇرۇپ، نازۇك بەدىنىنى قانغا بويىدى. ئانارقىزنىڭ پاجىئەلىك ئەھۋالىغا ھەمدەم بولغۇدەك ھېچ كىشى چىقمىدى.

## 3

ئانارقىز ئۆيدىن چىقىپ كېتىپ ئەتىسى سارىخان ئانا قىزىنىڭ كەلمەيۋاتقانلىقىدىن ئەنسىرەپ، بەگنىڭ ئۆيى ئالدىغا كېلىپ دەرۋازىنى قاقتى. بەگ خوتۇنى دەرۋازىنى ئاچتى. سارىخان: «ئۆزلىرىنىڭ قىزى مېنىڭ قىزىمنى بۇ ئۆيگە ئېلىپ كەتكەن. شۇڭا، قىزىمنىڭ دېرىكىنى ئالاي دەپ كەلدىم» دېدى. بەگنىڭ خوتۇنى سارىخانغا قاراپ: «قىزلىرى ئاخشام بۇ ئۆيدىن ئۇزاپ چىقىپ كەتكەن» دەپ جاۋاب بەردى. بىچارە سارىخان بۇ مۇدھىش جاۋابنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىپ، پۇت - قوللىرىدا جان يوق، نەگە بېرىشىنى بىلەلمەي، ئۆز يېزىسىنى ئايلىنىپ: «كۆز نۇرۇم ئانارقىز قايدسەن؟» دەپ توۋلاپ، يىغلاپ سەرسان بولدى.

ئانارقىزنى ما تىتەيگە تۆھپە قىلغان يېڭىسار بېگى قوش ئەمەللىك بولۇپ، خۇشال ھالدا ئۆيگە قايتىپ كېلىپ، بۇ ئەھۋاللارنى خوتۇنىغا مەلۇم قىلىپ كۆڭلىنى تىندۇرغان بولدى.



ئۇ، ئەتىسى يۇرتقا ئۆزىنىڭ قوشۇمچە پاششاپلىق مەنسىپىنى ئېلان قىلدى. بۇ قارا يۈرەك بەگ تېخىمۇ ھەددىدىن ئېشىپ، ئالۋان - سېلىقنى بىرگە ئون قىلىپ خەلقتىن يىغدى ھەم ئۆز تەۋەسىدىكى ئوغرىلار بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، خەلقنىڭ مال - مۈلكىنى ئوغرىلىتىپ ئۆزىنىڭ قىلىۋالدى. خەلق بۇ مۇناپىق بەگدىن بىزار بولۇپ، نېمە قىلىشنى بىلمەي قېلىشتى.

ئانارقىزنىڭ مۇھەببەت ئوتىدا كۆيۈپ سەرسان بولغان روزى باتۇر «ئانارقىزنىڭ يىتىپ كېتىشىگە مۇشۇ مۇناپىق بەگ سەۋەبچى بولۇشى مۇمكىن، بۇ بەگ ناھايىتى زومىگەر بولۇپ كەتتى. خەلقنىڭ مال - مۈلكىنى بۇلاپ - تالىدى. شۇڭا، ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتەي» دېگەن قارارغا كەلدى. ئۇ، مەلۇم بىر كېچىسى بەگنىڭ ئۆگزىسى ئارقىلىق ئۆيىگە چۈشۈپ، كارۋات ئۈستىدە ياتقان ئادەمنى كالتەك بىلەن ئۇرۇۋاتقاندا، يان ئۆيدىكى باشقا كىشىلەر تۇيۇپ قېلىپ، روزى باتۇرنى تۇتۇپ باغلىدى. روزى باتۇر كالتەك بىلەن ئۇرغان ئادەم مۇناپىق بەگ بولماستىن، بەلكى ئۇنىڭ ئوغلى ئىكەن. ئەسلىدە بەگ باشقا ئۆيدە ياتقان بولۇپ، روزى باتۇرنىڭ ئۆلتۈرۈۋېتىشىدىن ساقلىنىپ قالغان ئىدى.

ئەتىسى بەگنىڭ غالچىلىرى روزى باتۇرنى تىتەي يامۇلىغا ئېلىپ كېلىپ سولاتقۇزدى. روزى باتۇر « ئىسىت! بۇ مۇناپىق بەگ نېمىشقا مەن كىرگەن ئۆيدە يوق بولغىيتتى. بولغان بولسا ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋەتسەم، ئاندىن مېنىڭ دەردىم ۋە خەلقنىڭ دەردى چىقار ئىدى» دەپ ئويلىدى. بەگنىڭ باللىرى روزى باتۇر ئۈستىدىن تىتەي يامۇلىغا ئەرز سۇنۇپ: «بىزنىڭ قېرىندىشىمىزنى ئۆلتۈرۈۋەتتى» دەپ شىكايەت قىلدى. تىتەي

ياموُلى بۇ ئەرزنى قوبۇل قىلىپ، روزى باتۇرنى «ئادەم ئۆلتۈرگەن قاتىل» دەپ ھۆكۈم قىلىپ، جازا مەيدانىغا ئېلىپ چىقىپ، مىلتىق بىلەن ئېتىپ ئۆلتۈرۈپ تاشلىدى. شۇنداق قىلىپ، روزى باتۇر قىساس يولىدا ئۆزىنى قۇربان قىلدى.



## بەشىنچى باب ئانارقىزنىڭ ما تىتەي ئوردىسىدىن بىرىنچى قېتىم قاچقانلىقى ۋە تۇتۇلۇپ قېلىپ، قايتۇرۇپ كېلىنگەنلىكىنىڭ بايانى

### 1

ما تىتەينىڭ 40 خوتۇنى بار ئىدى. بۇ 40 خوتۇنغا مەسئۇل بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى جېدەل - ماجىرالارنى سۈلھى - سالا بىلەن بىر تەرەپ قىلىپ ئەپلەشتۈرۈپ قويىدىغان ۋە ما تىتەينىڭ باللىرىغا پەند - نەسىھەت قىلىپ تۇرىدىغان ئايالنىڭ ئىسمى لەيلىخان ھاجى ئىدى. ئۇنىڭ دادىسى خۇيزۇ، ئانىسى ئۇيغۇر ئىدى.

ئاڭلىشىمىزچە، لەيلىخان ھاجىنىڭ دادىسى ما تىتەي بىلەن بىر جەمەت بولۇپ، خۇنەن ئۆلكىسىنىڭ چاڭشا شەھەر ئەتراپىدىكى جىياسەن ناھىيىسىدىن ئىدى. ئۇ كىشى تېۋىپلىق كەسپى بىلەن XIX ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا شىنجاڭغا چىقىپ، ئاۋۋال قەشقەر شەھىرىدە تۇرغان، كېيىنرەك يېڭىشەھەرگە چىقىپ ئورۇنلىشىپ قالغان. ئۇنىڭ ئايالى زۇمۇرە خېنىم قەشقەر شەھەر ئىچى يۇملاقشەھەر كۆلبېشى مەھەللىسىدىن بولۇپ، تۇنجى قىزى لەلە خېنىمنى كىچىكىدىن

تارتىپ ياخشى تەربىيىلەپ قۇرئان ساۋاتىنى چىقارغان. ئۇنى ئۆي ئىشلىرىغا پىشۇرغاندىن باشقا، تۈرلۈك ئىجتىمائىي مەسىلىلەردە ھەق - ناھەقنى كۆزىتىش ۋە تەھلىل قىلىشقا يېتەكلىگەن. ئۇ قىز رەسىدە بولغاندا، سابىرھاجىم باجگىر دېگەن كىشىگە كىچىك خوتۇنلۇققا بەرگەن. سابىر ھاجىم باجگىرنىڭ ئۆيى قەشقەر شەھەر ئىچى ئېگىز ئېرىق مەھەللىسىدە ئىدى. ئۇنىڭ چوڭ خوتۇنىدىن ئالانۇر خېنىم، نەبىجان ئىسىملىك ئىككى پەرزەنتى بولغان؛ لەلە خېنىمدىن تۇرسۇن خېنىم، تۇ خېنىم، تۇنىسا خېنىم ئىسىملىك ئۈچ پەرزەنت تۇغۇلغان. تۇرسۇن خېنىم رەسىدە بولغاندا، ئىسھاقجان دېگەن كىشىگە ياتلىق بولۇپ، نۇرىمان خېنىم، ئەسقەرجان ۋە ئەختەرجان دېگەن ئۈچ پەرزەنت كۆرگەن①.

ما تىتەي قەشقەرگە كەلگەن يىلى لەلە خېنىم 33 ياشتىن ئاشقان بولۇپ، مەھەللىدە ۋە ئۇرۇق - تۇغقانلار ئارىسىدا زور شۆھرەت تېپىپ «گۇناھدىن پاك، دىيانەتلىك ئايال» دېگەن مەنىدە «لەيلىخان ھاجى» دەپ ئاتالغان②. ما تىتەي جەمەت سۈرۈشتۈرۈپ، لەيلىخان ھاجىنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، ئۇنى سوخودىكى ئوردا خىزمىتىگە تەكلىپ قىلغان. شۇنىڭ بىلەن لەيلىخان ھاجى بەزى - بەزى پەيتۇنغا ئۇلتۇرۇپ،

---

① ئەسقەرجان ۋە ئەختەرجان دېگەن ئىككى ئوغۇل ھازىر ھايات بولۇپ، لەيلىخان ھاجىغا مۇناسىۋەتلىك بەزى ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلىدى.

② لەيلىخان ھاجى 1881- يىلى تۇغۇلۇپ، 1955- يىلى 74 يېشىدا پارالىچ(لەقۋا) كېسەللىكى بىلەن يۇمىلاقشەھەر كۆلبېشى مەھەللىسىدىكى ئۆيىدە ۋاپات بولغان. ئۇ، ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىكى ئىجتىمائىي ھەرىكەتلەرگە ئاكتىپ ئاۋاز قوشقان، نۇرغۇن تارىخىي مەسىلىلەرنى ئېنىقلاشتا، ھۆكۈمەت خىزمىتىگە يېقىندىن ياردەملەشكەن.



سوخودىكى ما تىتەينىڭ ئوردىسىغا چىقىپ، ئۇ يەردە بىرنەچچە كۈن تۇرۇپ، يۈز بەرگەن مەسىلىلەرنى مۇۋاپىق ۋە كەسكىن بىر تەرەپ قىلغان. ئۇ سېمىز، ئوتتۇرا بوي، پېشانىسىدە بىر تال مەڭ بار، چىرايلىق، ئاق كۆڭۈل ۋە ئىنسانپەرۋەر ئايال ئىدى. يېقىنقى يىللار مابەينىدە ئۇ، ما تىتەينىڭ بۇزۇق ئەخلاقىدىن بىزار بولۇپ يۈرەتتى. ئانارقىز كەلگەندىن كېيىن، نىكاھ ئاخشىمى ئۇنىڭ يېنىدا بولدى ۋە ئەھۋالىدىن خەۋەر تاپتى. لېكىن، ئۇنىڭغا يېقىنلاشسا، ما تىتەينىڭ كۆرۈپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيتتى، كۆڭلىدە ئانارقىزغا چوڭقۇر ھېسداشلىق قىلاتتى.

لەيلىخان ھاجى بىر كۈنى پۇرسەت تېپىپ ئانارقىزنىڭ ھۇجرىسىغا كىردى - دە، ئۇنىڭ ھال - ئەھۋالىنى سورىدى، ئانارقىز لەيلىخان ھاجىدىن ۋاپانىڭ ھىدى كېلىۋاتقانلىقىنى سېزىپ، يىغلاپ تۇرۇپ ئۆز دەردىنى تۆكتى.

ۋاي ئانارقىز كىچە - كۈندۈز غەم بىلەن ئاۋارىكەن،
روھىي زەربە، تەن خاراب، باشىدا مىڭ دىشۋارىكەن.

سارغىيىپ گۈل يۈزلىرى، قەلبى ئۇنىڭ يۈز پارىكەن،
مېھرىبان ئاناسىنى ياد ئېتىپ بىچارىكەن.

لەيلىخان ھاجىغا يىغلاپ دەرد تۆكۈپ ھەم يالۋۇرۇپ،
دېدى ئۇ: «جانىم ئانا غۇربەتتە مەن ياتتىم غېرىب.

بۇ مېنىڭ مۇشكۈللىرىمنى قىل ئاسان، سەن يول تېپىپ،
بۇ دوزاختىن قۇتقۇزۇپ قويغىن، كېتەي تېزراق قېچىپ».

رەھىم قىلدى لەيلىخان ھاجى مۇنىڭكى ھالىغا،
سارغىيىپ سولغان قىزىلگۈلدەك ھۆسن - جامالىغا.

دەل جاۋاب بەرمەك ئۈچۈن قىزنىڭ تىلەك-سوئالىغا،
ئويلىنىپ كەلتۈردى بىر پۇرسەتنى ئۇ خىيالىغا.

لەيلىخان ھاجى ئانارقىزنىڭ دەردلىك، ئوتلۇق يىغىسىغا بىتاقەت بولۇپ، رەھىم - شەپقەت ھېسسىياتى قوزغىلىپ، ئانارقىزنى قاچۇرۇۋېتىشنى قارار قىلدى. ئەگەردە ئانارقىز ما تىتەي ئوردىسىدىن سالامەت قېچىپ قۇتۇلسا: «ئۇلۇغ تىتەي، ئۆزلىرىگە خوتۇن كەم ئەمەس...» دېگەنگە ئوخشاش تىتەينىڭ كۆڭلىنى ئانارخاندىن سوۋۇتىدىغان سۆزلەرنى قىلاي، دەپ پىلان تۈزدى. ئۇ، «تىتەينىڭ ئانارقىزدىن كۆڭلى سوۋۇپ، ئانارقىزنى ئىزدىمىسە ئەجەب ئەمەس» دېگەن خىيال بىلەن كۆڭلىنى توختىتىپ، كەچقۇرۇنلۇقى ما تىتەينىڭ مىخازە خېنىم دېگەن خوتۇنىنى دەگسەيچى ئاياللار ئارقىلىق راسا يۇيۇپ - تاراپ، ئەتىر چاچتۇرۇپ، تىتەي بىلەن بىرگە بولۇشقا تىتەينىڭ ھۇجرىسىغا كىرگۈزدى.

شۇ كۈنى يېرىم كېچە بولغاندا، لەيلىخان ھاجى ئانارقىزنى ما تىتەينىڭ زۇلۇم ئوردىسىدىن قاچۇرۇۋەتتى. بىچارە ئانارقىز شۇ قاچقىنىچە قايسى تەرەپكە مېڭىشنى بىلمەي، يىقىلىپ - قوپۇپ بىرھازا ماڭغاندىن كېيىن، سوخونىڭ شىمال تەرىپىدىكى دەرەخ كۆرۈنگەن تەرەپنى كۆردى - دە، شۇ تامان قېچىپ تۈگچى يولىغا كىردى. ئانارقىز قېچىپ كېتىۋېتىپ غېرىب ئانىسى سارىخاننى ياد قىلىپ ئەسلىدى ۋە ئانىسى بىلەن كۆرۈشۈشنى،



ئانىسىنىڭ قۇچىقىغا ئۆزىنى تاشلاپ ئەلەم - ھەسرەتلىرىنى تۆكۈشنى ئويلىدى. شۇ مېڭىشى بىلەن ناماز بامدات ۋاقتىدا چۆلنىڭ بىر تەرىپىگە چىقىپ، قەيەرگە بېرىشنى بىلەلمەي بىرھازا تۇرغان ھالەتتە، جاڭگالنىڭ بىر تەرىپىدىكى جىگدىلىكىنىڭ ئىچىدىن تۈتۈن چىقىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، شۇ تەرەپكە قاراپ ماڭدى. يېقىن كېلىپ قارىسا، يالغۇز ئۆينىڭ مورىسىدىن چىقىۋاتقان تۈتۈن ئىكەن. ئانارقىز ئىككىلەنگەن ھالدا ئاستا قەدەم بىلەن ئۆينىڭ ئىشىكى ئالدىغا كېلىپ، ئىشىكنىڭ يوچۇقىدىن ئۆي ئىچىگە سەپسېلىپ قارىسا، ئۆيدە بىر بوۋاي بىلەن بىر مومايىنىڭ ئولتۇرغانلىقىنى كۆردى. ئۇ، ئۆيگە كىرىپ بوۋاي بىلەن مومايغا سالام بەردى. بوۋاي بىلەن موماي: «كېلىڭ بالام» دەپ ئورنىدىن ئورۇن بوشىتىپ ئانارقىزنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى. ئانارقىز بوۋاي بىلەن مومايىنىڭ قولىدىكى سايمان ئارقىلىق قوي يۇڭىدىن يىپ چىقىرىپ، قۇ ① توقۇۋاتقانلىقىنى كۆردى.

بۇ ئەر - خوتۇن چارۋا بېقىش بىلەن ھايات كەچۈرۈۋاتقان كەمبەغەل چارۋىچىلار بولۇپ، بوۋاينىڭ ئىسمى غازىۋاي، ئايالىنىڭ ئىسمى شەرىخان ئىدى. ئانارقىز ئۇچاق ئالدىدا ئولتۇرغاندىن كېيىن، موماي ھال - ئەھۋال سوراپ مېھرىبانلىق كۆرسەتتى ۋە دەرھال چاي قاينىتىپ، داستىخان سېلىپ تائام بەردى. ئانارقىزنىڭ سۇنۇق كۆڭلى بىرئاز ئېچىلىپ، بىچارىلىق بىلەن چولپان كۆزلىرىدىن باھار يامغۇرىدەك ياش ئاققۇزۇپ، بېشىدىن ئۆتكۈزگەن كەچۈرمىشلىرىنى سۆزلەپ بەردى. ئۆزى-

① قۇ — ئىشتانباغ.

-نىڭ يېگىساردىن ئىكەنلىكى، غېرىب ئانىسى سارىخاندىن خەۋەر ئالالمىغانلىقىنى ئېيتتى. بۇ ئەھۋاللارنى ئاڭلىغان غازىۋاي بىلەن شەرىخانلارنىڭ كۆڭلى بۇزۇلۇپ يىغلىشىپ كەتتى. غازىۋاي ئانارقىزغا تەسەللى بېرىپ: «مەن سىزنى ئۆيۈمدە ساقلاپ قالاي، جاھان تىنجىغاندىن كېيىن، ئۆيىڭىزگە ئاپىرىپ قوياي» دەپ ئۆيىدە ئېلىپ قالدى.

## 2

ما تىتەي شۇ كېچىسى خوتۇنى مىخازە خېنىم بىلەن بىرگە بولۇپ، ئەتىسى كۈن يورۇغاندىن كېيىن ئورنىدىن تۇرۇپ غاڭزىسىنى شورىغان ھالدا دەڭسەيچى ئاياللاردىن ئانارقىزنى سورىدى. دەڭسەيچى ئاياللار: «ئانارقىز پەنجىرىلىك كاڭدا① ئۇخلاپ قالدى» دەپ جاۋاب بېرىشتى. ما تىتەي دەرھال ئانارقىزنى يېنىغا كەلتۈرۈشنى بۇيرۇدى. دەڭسەيچى ئاياللار پەنجىرىلىك كاڭغا يۈگۈرۈپ، ئۆيگە كىرسە ئانارقىز يوق، پەقەت ئۇنىڭ دوپپىسى چۈشۈپ قالغان ئىكەن. «ئانارقىز خالا- جايدا بولسا كېرەك» دەپ چىقىپ قارىسا، ئۇ يەردىمۇ يوق بولۇپ چىقتى. دەڭسەيچى ئاياللارنىڭ رەڭگىرويى ئۆچۈپ، ھاياتلىرىدىن ئۈمىدىنى ئۈزگەن ھالدا قېرى تىتەي قېشىغا كىرىپ ئەھۋالنى بايان قىلىپ، ئانارقىزنىڭ يوقلۇقىنى ئېيتتى.

① پەنجىرىلىك كاڭ — ئېرىم كىچىك ياتاق بولۇپ، تىتەي بىلەن بىرگە يېتىپ چىققان ئاياللار مەخسۇس ئارام ئالىدىغان جاي.



بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان تىتەي پۇتىنى يەرگە ئۇرۇپ نۇجيانى① چاقىرتىپ: «بۇ ئىككى دەڭسەيچى ئايالنىڭ پۇتىغا جۇلۇزە ② سېلىپ قاتتىق ئۇرۇپ، ئىشكەل بىلەن كىشەنلەپ سولاقخانا قازى ئۆيىگە قامايسەن» دەپ ھۆكۈم قىلدى. ئارقىدىن ئۇ لەيلىخان ھاجىنى چاقىرتىپ، ئانارقىزنىڭ يوقالغانلىق ئەھۋالىنى سۈرۈشتە قىلغاندا، لەيلىخان ھاجى: «ئىلتىپاتلىق تىتەي دارىن، ئانارقىز بولسا ئۆزلىرىدەك ئۇلۇغ مەرتىۋىلىك پاشانىڭ قەدرىنى بىلمەيدۇ. چۈنكى، ئۇ تۆۋەن ئائىلىدىن چىققان ئىشلەمچى بىر ئاددىي قىز. بولمىسا، بۇ خىلدىكى ئەقىلسىزلىقنى قىلماس ئىدى. ئانارقىز ئۆزىنىڭ بەخت - تەلىيىگە ئۆزى نۇقسان يەتكۈزۈپ، بۇرۇنقى گادايلىق تۇرمۇش بىلەن ئۆتۈشنى خالاپتۇ. شۇڭا، ئانارقىز قەيەرگە بارسا، مەيلى بارسۇن. ئانارقىزنى ئىزدەش ئۆزلىرىنىڭ سۈپەتلىرىگە لايىق كەلمەيدۇ. بۇنىڭدىن باشقا بىرقانچە ساھىبجامال قىزلار ئۆزلىرىگە نېسىپ بولماي تۇرىدىغۇ؟» دېدى. ئۇ، مۇشۇ سۆز بىلەن تىتەينىڭ رايىنى ياندۇرغان بولسىمۇ، قارا دىلى ئانارقىزغا زىيادە مايىل بولغان ما تىتەي كۆڭلىدە «ئانارقىز مېنى خالىمىدى. بۇ ئىش مەن ئۈچۈن نومۇس» دېگەن مۇددىئا بىلەن لەيلىخان ھاجىنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالماي، فەن لۇگەن بىلەن چىڭ كۈۋەندەينى چاقىرتىپ، بولغان ۋەقەنى بايان قىلىپ، ئانارقىزنى ئۈچ كۈن ئىچىدە تېپىپ كېلىش ئۈچۈن قاتتىق بۇيرۇق چۈشۈردى ۋە:

① نۇجيا — تىتەي يېنىدىكى ئىش باشقۇرغۇچى.

② جۇلۇزە — تاقاق.

«تېپىشمىساڭ بېشىڭنى ئالىمەن» دەپ تەھدىت يۈرگۈزدى.

فەن لۇڭگەن بىلەن چىڭ كۆۋەندەي ئوردىدىكى نۇرغۇن چېرىك ۋە يايى①، بەنتۇر②، شياگيۇ③، خانتۇر④ لارنى ئەگەشتۈرۈپ، ئانارقىزنى جىددىي ئىزدەشكە ئاتلاندى. بۇ خىل قاتتىق ئىزدەش جەريانىدا، سوخو ئەتراپىدىكى يېزىلار بىلەن يېڭىشەھەر ۋە يېڭىسار ناھىيىلىرى تەۋەسى يېزىمۇيېزا ئاختۇرۇلۇپ، بىرقانچىلىغان بىگۇناھ كىشىلەر گۇمان بىلەن تۇتۇلۇپ، ئۇرۇپ قاماپ قويۇلدى. ئۇلار كەسكىن، دەھشەتلىك ئىزدەش بىلەن ئاخىرى بىچارە ناتىۋان ئانارقىزنى تۇغچى جاڭگىلىدىكى ئۆيدىن تېپىپ، غازىۋاي بىلەن ئانارقىزنى زەنجىر بىلەن ماتاپ ئات ئالدىغا سېلىپ ھەيدەپ، ما تىتەيىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىشتى.

تىتەي بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ قاتتىق غەزەپلىنىپ پۈتنى يەرگە ئۇرۇپ، دەرھال: «غازىۋاينىڭ قولىنى كەس!» دەپ ھۆكۈم قىلدى. غازىۋاي بىچارە پەرياد چېكىپ يىغلاپ تۇرۇپ: «تىتەي پاشايىم، مەن بولسام غېرىب قۇلۇڭمەن، گۇناھىمنى تىلەيمەن» دەپ تىتەيىنىڭ ئالدىدا يېتىۋالدى. ما تىتەيىنىڭ چاپارمەنلىرى: «ھۆكۈم بىر» دەپ، بىچارە غازىۋاينى سۆرەپ ئېلىپ چىقىپ، سوخو دەرۋازىسىنىڭ تېشىدا قولىنى بېغىشىدىن كېسىپ، سوخو دەرۋازىسىغا ئېسىپ قويدى. بىچارە غازىۋاي قولىنىڭ كېسىلىشى بىلەن ھوشىدىن كېتىپ،

---

① يايى — يامۇلنىڭ يۇگۇر - يېتىم ئىشلىرىنى ئىشلەيدىغان دورغا.

② بەنتۇر — 10 - 15 دورغىنىڭ باشلىقى.

③ شياگيۇ — رايون باشلىقى.

④ خانتۇر — باجگىر.



بىرقانچە ۋاقىتتىن كېيىن جاراھەت تۈپەيلى ۋاپات بولدى. ئېرىنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن شەرىخانمۇ ۋاپات بولدى.

ما تىتەيىنىڭ غالچىلىرى ئانارقىزنى سولاقخانىغا كىرگۈزۈپ، نازۇك بەدىنىنى يالىڭاچلاپ، ئىككى تىللىق ئىنچىكە سىم قامچا بىلەن قاتتىق ئۇرۇپ، نازارەت ئاستىغا ئالدى. بىرقانچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، ما تىتەي ئانارخاننى ئۆز ھۇجرىسىغا كەلتۈرۈپ، يەنە زورلۇق قىلىپ بىرگە بولدى. ئانارقىز ئېغىر تاياق زەربىسى بىلەن ھەسرەتلىك يۈرگەن بۇ كۈنلەردە، ئۇنىڭ گۈلدەك چىرايى سارغىيىپ، تولا يىغلاپ يۈزلىرى يېرىلىپ كەتتى. ما تىتەي ھەر كۈنى ئانارقىزنى زورلاۋەرگەنلىكتىن، بۇ بىچارە ئاخىرى ئۆلۈۋالماقچى بولدى .

بۇ قەپەس ئىچرە ئانارقىز زەپمۇ بولدى خار - زار،
يىغلىدى قان - ياش بىلەن نازۇك بەدەن، كۆزى خۇمار.

كەتتى ئاھ ، ھەسرەت بىلەن قىزنىڭ ئەجەب ئۆمرى باھار،
ئاخىرى بىچارە قىز ئۆلمەكنى قىلدى ئىختىيار.

## ئالتىنچى باب ئانارقىزنىڭ ما تىتەي ئوردىسىدىن ئىككىنچى قېتىم قېچىشقا ئۇرۇنۇپ جازالانغانلىقى ۋە ئانىسى سارىخاننىڭ قىزىنى ئەسلەپ، ھەسرەت چەككەنلىكىنىڭ بايانى

### 1

ئانارقىزنىڭ گۈل يۈزلىرى سارغىيىپ، ھەسرەت — نادامەتتە نىمە قىلارىنى بىلەلمەي، ۋىجدان ئازابى ئىچىدە تەن سالامەتلىكى ناچارلىشىپ كېتىۋاتقان كۈنلەرنىڭ بىرىدە، لەيلىخان ھاجى ئۇنىڭ يېنىغا كىرىپ ھال - ئەھۋالىنى سوراپ، غەملىك كۆڭلىگە تەسەللى بېرىپ، ئۇنى يەنە قاچۇرۇۋېتىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئانارقىز لەيلىخان ھاجىغا كۆپ مىننەتدارلىقىنى بىلدۈرۈپ كۆز يېشى قىلدى.

ئارىدا بەش كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، ما تىتەيگە زۇكام تېگىپ تېنى ساقسىز بولۇپ قالدى. تېۋىپلار ما تىتەينىڭ تومۇرىنى تۇتۇپ كۆرۈپ: «جانابىي ئالىيلىرى، بىر ھەپتە خوتۇندىن يىراق بولغانلىرى ياخشىدەك تۇرىدۇ، بۇ بىزنىڭ مەسلىھەتىمىز» دېيىشتى. ما تىتەي تېۋىپلارنىڭ مەسلىھەتى بويىچە بىر ھەپتە ياش خوتۇنلىرىنى ئۆزىدىن يىراق قىلدى. بۇ



جەرياندا ئانارقىز 3 — 4 كۈن ئارام ئالدى. پۇرسەتتىن پايدىلانغان ئاق كۆڭۈل لەيلىخان ھاجى ۋەدىسىگە ۋاپا قىلىپ، ئانارقىزنىڭ يېنىغا كىردى. ئۇ، بۈگۈن كېچە دەرھال ئوردىدىن قېچىشنى ئانارقىزغا ئېيتىپ، يول راسخوتى ئۈچۈن تۆت سەر خاپيۇ① بىلەن بەش نان بېرىپ: «سىز بۇرۇنقى يەرلەردە تۇرماڭ، يىراق يەرلەرگە قېچىپ كېتىپ، جېنىڭىزنى قۇتقۇزۇڭ» دەپ چىقىپ كەتتى.

شۇ كېچىسى ئانارقىز ئوردا ئىچىدىن مېڭىپ، دەرۋازىغا كەلسە، دەرۋازىغا قۇلۇپ سېلىنغلىق تۇرغانلىقىنى كۆردى. بۇ يەردىن يېنىپ، ئارقا شەرقىي تامدىكى پەنجىرىدىن بىر ئاماللارنى قىلىپ سىقىلىپ چىقىپ كېتىپ بارسا، ھاراق ئىچكەن بىر چېرىككە يولۇقۇپ قالدى. چېرىك دەرھال كېلىپ ئانارقىزنى تونۇۋالدى. ئۇنىڭ ئانارقىزنى تونۇۋېلىشىدىكى سەۋەب شۇكى، ئانارقىز بىرىنچى قېتىم قاچقاندا، ئاختۇرۇشقا قاتناشقان ۋە مەرھۇم غازىۋاڭنىڭ ئۆيىدىن ئانارقىزنى تاپقانلار ئىچىدە بۇ چېرىكمۇ بار ئىدى. چېرىك ئانارقىزنى تۇتۇۋېلىپ، ۋارقىراپ - جارقىراپ، ئۇنى ئوردا دەرۋازىسىغا ئېلىپ كەلدى - دە، ئىچكىرىدىكىلەرنى تۇۋلاپ دەرۋازىنى ئاچقۇزدى. شىجاڭ پانۇس كۆتۈرگەن ھالدا چىقىپ ئانارقىزنى ياندۇرۇپ كىردى ۋە ئەھۋالنى يېرىم كېچىدە ما تىتەيگە مەلۇم قىلدى. بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقان ما تىتەي ئانارقىزنى كىشى كۆرمەيدىغان يەرگە تېرىك كۆمۈۋېتىشنى بۇيرۇق قىلدى. بىراق، شۇ كۈنى ما تىتەي يېنىدا قونغان فۇدى ما دارىن ئىسمىلىك ئوتتۇرا

---

① خاپيۇ — قەشقەردە بېسىلغان پۇل.

ياشلىق بىر ئەرباب بولۇپ، ما تىتەي ئۇنىڭغا ئالاھىدە ھۆرمەت قىلاتتى. فۇدى ما دارىن بۇ ئەھۋالنى ئاڭلىغاندىن كېيىن: «ھەي ما تىتەي، بۇ ئىشىڭ خاتا. چۈنكى، ئانارقىز كىچىك بالا ئىكەن، ئەقلى كەم، سىنىڭ قەدرىڭنى بىلگۈدەك ئاڭ ئۇ قىزدا يوق. ئۇنى تېرىك كۆمۈۋېتىش سەن ئۈچۈن ياخشى ئەمەس. شۇڭا، ئانارقىزنى بىرقانچە كۈن ئۆز مەيلىگە قويۇپ ئاسراش لازىم ئەمەسمۇ؟» دېدى. بۇ مەسلىھەت ما تىتەينىڭ غەزىپىنى ياندۇردى. ئۇ، ئانارقىزنى ياتىقىغا قايتۇرۇپ قاتتىق نازارەت ئاستىغا ئېلىشنى بۇيرۇدى. ئانارقىزغا تىتەينىڭ خوتۇن - ئاياللىرى ۋە دەگسەيچىلىرى قاتتىق دەشنام، ھاقارەت سۆزلىرىنى ياغدۇردى. لەيلىخان ھاجىدىن باشقا ھېچ كىشى ئانارقىزغا ھېسداشلىق قىلمىدى. ئانارقىز كېچە - كۈندۈز يىغلاپ، يۈرەكلىرى سىقىلىش بىلەن ئۆتتى، ئەھۋالى كۈندىن- كۈنگە ناچارلىشىپ، بۇ زۇلمەتلىك كۈنلەردىن قاچان قۇتۇلارمەن دېگەن غەمكىن ئوي - خىيال بىلەن تۇردى.

ئانارقىزغا بۇ ئۆي بولدى بىر دوزاخ،
نازارەت ئاستىدا قويۇلدى تۇزاق.

قىلدى ئۆلۈمنى ئانارقىز تەلەپ،
قېچىشنىڭ يولى ئەمدى بەك ئۇزاق.

كېچەيۇكۈندۈز تەنە - دەشنام كۆپ،
يىغلىتار ئۇنى مەسخىرە - مازاق،



ئاسماقچى بولدى ئۆزىنى ئانار،
چىقمىدى خالىي يەر ، يا بىرەر قازناق.

زەھەر - زۇقۇمدۇر بۇندا يېگەن قەنت،
مەھكۇم ياشاشتىن ئۆلۈم ئەلاراق.

## 2

سارىخان ئانا يالغۇز بالىسى ئانارقىزدىن ھايات تۇرۇپ ئايرىلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ قەيەرگە كەتكەنلىكىنى بىلەلمەي، سېغىنىش ئوت - پىراقىدا كېچە - كۈندۈز تولا يىغلاپ، سەۋدا (نېرۋا كېسەللىكى)گە مۇپتىلا بولدى. ئۇ، يۇرتتىن چىقىپ، چۆل- باياۋانلارنى كېزىپ: «جانىم بالام بارمۇسەن، جانىم ئانارىم قايدىسەن؟» دەپ يىغلاپ نالە - پەرياد قىلدى، بارا - بارا ئۆزىچە تولا سۆزلەيدىغان ، قوشاق توقۇپ يىغلايدىغان بولۇپ قالدى.

قايدىن تاپۇرمەن جانىم ئانارىم،
نە بولدى ھالىڭ كۆزى خۇمارىم.

سەندىن ئايرىلىپ چۈشتى جۇدالىق،
ئەي مېھرىبانىم، جان غەمگۇزارىم .

ھىجرىڭ پىراقى ئۆرتەر جېنىمنى،
غۇنچە ئاچمىغان ئەي گۈل باھارىم.

دەردىڭدە تارتتىم بىر يىل ئەلەمنى،
يوقتۇر بۇنىڭغا سەبرۇقارارىم.

يولۇڭغا تەلمۈرۈپ مەن كېچە ـ كۈندۈز،
كۆزۈم تېشىلدى ئەي كۆز قاراقىم.

مىسكىن تېنىمگە ئەردىڭ ھالاۋەت،
سەن قايدا بولدۇڭ ئەي يادىكارىم.

سەنسىز جاھاندا غۇربەت بىلەن خار،
بولدۇم رەپىقسىز، يوق ئېتىبارىم.

قايدىن تاپارمەن باسقان ئىزىڭنى،
شۇل يەردە ئۆلسەم، كۆمسە مازارىم.

ئىزدەپ يۈرۈرمەن قايدا ھاياتىڭ،
يالغۇز قوزامسەن، ۋاي خاكسارىم.

كەتتىڭمۇ ياكى دۇنيا يۈزىدىن،
جانىم ئانارقىز سەن تاجدارىم.

بولماس جاھاندا ھېچكىم مېنىڭدەك،
يادىم سىنىڭدە بۇ ئاھۇزارىم.



خۇنۇڭغا زامىن بولسا بالاخور،
ئالغاي جېنىمنى ھەق، بېرەي بارىم.

داداڭ غېرىبمۇ قەيەردە ئۆلگەن،
ۋاي بەختىۋاي سەن، ۋاي روزىگارىم.



# يەتتىنچى باب ئانارقىزنىڭ ما تىتەي ئوردىسىدىن ئۈچىنچى قېتىم قېچىپ، ئۆزىنى دەرياغا تاشلاپ ئۆلگەنلىكى ۋە ئانىسى سارىخان قىزنىڭ قەبرىسىدە جان ئۈزگەنلىكىنىڭ بايانى

## 1

ئانارقىز غەمكىن، سولغۇن چىراي، ھەسرەتلىك كۈن ئۆتكۈزۈۋاتقان كۈنلەرنىڭ بىرىدە، لەيلىخان ھاجى ئانارقىزنىڭ يېنىغا كىرىپ ئولتۇرۇپ: «قىزىم، كۆپ رىيازەت، جاپا-مۇشەققەتلىك ئىشلار بېشىڭىزدىن ئۆتتى. سىزگە مەن بىر نىجاتلىق يولىنى تاپىمەن» دېدى. ئانارقىز لەيلىخان ھاجىنىڭ بوينىغا ئېسىلىپ يىغلاپ: «سىزنىڭ ياخشىلىقىڭىزنى بۇ دۇنيادا ياندۇرالمىسام، ئۇ دۇنيادا ياندۇرىمەن» دەپ يۈرەكنى ئېزىدىغان روھىي ھالەتتە لەيلىخان ھاجىنى قۇچاقلىۋالدى. ئۇ، لەيلىخان ھاجىنىڭ سۆزىدىن ئۆزىگە تەسەللى تاپتى.

ئارىدىن ئۈچ كۈن ئۆتۈپ، تۆتىنچى كۈنى ما تىتەي يېڭىشەھەر تىتەي يامۇلىغا بىر ئىش بىلەن كىرىپ كەتتى. لەيلىخان ھاجى بۇ ئاسانغا چۈشمەيدىغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، شۇ كۈنى كەچقۇرۇن ئانارقىزنىڭ يېنىغا كىردى. قىسقىچە ئەھۋال سوراپ بولغاندىن كېيىن:



— ئانارقىزىم، سىزگە قېچىش پۇرسىتى كەلدى، بۈگۈن كېچىدە بۇ يەردىن چىقىپ كېتىپ، جاڭگال تەرەپكە تېز قېچىڭ. شۇ يەردە بىرەر رەھىمدىل كىشى يولۇقۇپ قالسا ئەجەب ئەمەس، ئاندىن سىز ئۆز يۇرتىڭىزغا بېرىپ، ئانىڭىز بىلەن دىدارلىشىپ،خەيرلىشىپ، مەخپىي ھالدا كىشىگە كۆرۈنمەي ئاقسۇ تەۋەسىگە ئۆتۈپ كېتىڭ، — دەپ ئانارقىزنىڭ قولىغا بەش سەر تەڭگە، بەش نان بېرىپ،— بۇ سىزگە يوللۇقۇم بولسۇن، — دېدى — دە، ئۇنى ئوردا ئىشكىدىن چىقىرىپ قاچۇرۇۋەتتى. ئۇنىڭ قاچقانلىقىنى ھېچ كىشى تۇيماي قالدى.

ئانارقىز شۇ قاچقىنىچە سوخۇننىڭ جەنۇبىدىكى قومۇشلۇق ئىچىگە كىرىپ كەتتى. ئانارقىزغا ھەمدەم بولىدىغان ھېچ كىشى يوق، قومۇشلۇقتا ماڭار يولىنى تاپالماستىن سەرگەردان بولۇپ تۇرغان چاغدا، ما تىتەينىڭ قوي-كاللىرىنى باقىدىغان پادىچىلارنىڭ ئىتلىرىنىڭ قاۋىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. ئانارقىز دەرھال قومۇشلۇقنىڭ شەرقىي تەرىپىگە قاراپ مېڭىپ، تاكى تاڭ ئاتقۇچە تىكەنلىك جاڭگالدا يۈرۈپ، ئەتىسى جاڭگالدا كىشى كۆرۈپ قالمىسۇن دەپ قومۇشلۇق ئىچىدە ياتتى. شۇ ھالدا ئانارقىز ئىككى كېچە-كۈندۈز قومۇشلۇق ئىچىدە نۇردى. ئۈچىنچى كۈنى كېچىسى قاتتىق بوران چىقىپ، يۈز-كۆزلىرىگە قۇم-تۇپراق كىرىپ، نازۇك جىسمى ۋە ھەممە ئەزاسى قۇم-ئەخلەتلەرگە كۆمۈلۈپ، گۈل يۈزى قومۇش ياپرىقىدەك سارغىيىپ كەتتى.

بۇ قىز ياتىدۇ غەمدە،
قومۇش ئارىسى نەمدە.

سۆزلەشكىلى ھەمدەم يوق،
قايغۇ بىلەن ماتەمدە.

بىچارە ئانارقىز قومۇشلۇق ئىچىدە غەمدە يېتىپ، ئۈچىنچى كۈنى كۈندۈزدە ئادەملەرنىڭ سۆزلەشكەن ئاۋازىنى ئاڭلىدى. بۇ سۆزلىشىۋاتقان كىشىلەر تازغۇندىن قومۇش ئورۇغلى كەلگەن دېھقانلار بولۇپ، ئۇلار تۆۋەندىكىچە مەزمۇندا سۆزلىشىۋاتاتتى:« ما تىتەيىنىڭ كىچىك خوتۇنى قېچىپ كەتكىلى ئۈچ كۈن بولۇپتۇ. ما تىتەي ئېلان چىقىرىپتىمىش، ھەرقانداق كىشى ما تىتەيىنىڭ كىچىك خوتۇننى تېپىپ بەرسە مەنسەپ بېرىمىش. كىمدەكىم بولسۇن، بۇ ئايالنى ئۆيىدە يوشۇرۇپ قويسا ياكى كۆرۈپ خەۋەر قىلمىسا، ئۇنداق كىشىلەر ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنارمىش، بارلىق مال - مۈلكى پادىشاھلىق مۈلكىگە ئايلاندۇرۇلارمىش. بۇنىڭ ئۈچۈن بارلىق چېرىك باشلىقى، شىجاڭلار، بەگ، مىراب، بەنتۇر، خانتۇر بىرلىكتە تامامىي يۇزبېشىلەرنى ئەگەشتۈرۈپ، بارلىق يېزا - سەھرالارنى ئاختۇرۇپ، ما تىتەيىنىڭ بۇيرۇقىنى بازارمۇبازار جاكارلاپ يۈرۈپتۇ. بۇ جاكارنى ئاڭلىغان قىسمەن قارا كۆڭۈل كىشىلەر ما تىتەيىنىڭ قاچقان خوتۇننى تېپىپ مەنسەپكە ئېرىشىمىز دەپ يۇرتمۇيۇرت ئات چاپتۇرۇپ يۈرۈپتۇ». ئانارقىز قومۇشلۇق ئىچىدە تۇرۇپ بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ، قازاغا رىزا بولۇپ، ھاياتىدىن ئۈمىدىنى ئۈزۈپ، بۇ دۇنيانى ئۆزىگە زىندان دەپ بىلدى.

ما تىتەي يېگىشەھەر نىتەي يامۇلىدا ئىش بېجىرىپ تۇرغان ھالەتتە، ئانارقىزنىڭ ئوردىدىن قېچىپ كەتكەنلىك خەۋىرنى ئاڭلاپ ناھايىتى قاتتىق ئاچچىقلاپ، سوخودىكى



ئوردىدا تۇرۇۋاتقان بىرقانچە دەگسەيچى، كۆزەتچىلەرنى، قىسمەن چېرىك باشلىقلىرىنى ئىشكەل بىلەن قاماققا ھۆكۈم قىلغان ۋە ئانارقىزنى تېپىش ھەققىدە بۇيرۇق چىقارغان ئىدى.

بىچارە ئانارقىز قومۇشچىلارنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ھاياتىدىن كېچىپ غەم بىلەن بۇ كۈننى ئۆتكۈزدى. كەچ كىرىپ خۇپتەن نامىزى ۋاقتىدا ئاسماندىكى تولۇن ئاي نۇرى پۈتۈن جاھاننى يورۇتقان پەيتتە، ئانارقىز بىچارە بۇ دۇنيا بىلەن ۋىدالىشىپ، غېرىب ئانىسى بىلەن مەڭگۈلۈككە ئايرىلىش جۇدالىق ھەسرىتى بىلەن ئاسماندىكى ئايغا قاراپ مۇنداق دېدى: «ئەي ئاي، سەن مېنىڭ غېرىب ئانام بار ئۆينىڭ ئۈگزىسىگە نۇرۇڭنى چاچقىن، مەن غېرىب ناتىۋان ئانارقىزدىن جاپاكەشتە بولغان، جۇدالىق ئەلەملىرى بىلەن خۇن - زەرداپ يۇتقان يالغۇز ئانام سارىخانغا سالام يەتكۈز. مەن بۇ دۇنيادىن ئۇ دۇنياغا كەتتىم. ئانام مېنىڭ روھىمغا دۇئا قىلسۇن. ۋاي ئانام سارىخان، مەن سەندىن ئايرىلدىم، سەن مەندىن ئايرىلدىڭ. مەرھۇم دادام بەختىۋاي، سەنمۇ غېرىبلىق، جاپا - ئەلەم بىلەن جۇدالىق تېغىدا ۋاپات بولدۇڭ. مەنمۇ ئەمدى جۇدالىق باياۋانىدا جۇدالىق ھادىسىسى بىلەن ئەجەل دەرياسىغا غەرق بولدۇم. ئاھ، قېنى مېنىڭ مېھرىبان ئانام! قېنى مېنىڭ غېرىب دادام! ئۇلار گۇۋاھ بولۇپ مېنىڭ تارتقان ئەلەملىرىمنى كۆرسە ئىدى، قانچىلىك ئازابلىق ئەھۋالنى كۆرگەن بولاتتى. ئاھ ، ئۇلار بۇ ئەلەملىرىمنى كۆرگەندىن كۆرمىگىنى ياخشىراق».

ئانارقىز شۇنداق دېگىنىچە، قومۇشلۇقنىڭ جەنۇبىنى كېسىپ ئۆتىدىغان خانئېرىق دەرياسى بويىغا قاراپ قۇيۇندەك تېز يۈگۈرۈپ كەتتى. ئانارقىز دەريا بويىغا كېلىپ، ئۆزىگە

يۇزلەنگەن بالادىن ئۆلۈمنى ياخشى كۆرۈپ، پىغان - ھەسرەت بىلەن يىغلاپ: «ئاھ، يالغۇز ئانام! — دەپ ئانىسى بار تەرەپكە قاراپ تەلمۈرگەن ھالدا، — سېنى خۇداغا تاپشۇردۇم» دېدى - دە، قاتتىق بىر ئاھ - ھەسرەت بىلەن پاك تېنىنى خانئېرىق دەرياسىغا سىرىلدۇرۇپ قويۇپ بەردى.

بۇ ۋاقىت كۈزنىڭ ئاخىرلاشقان ۋاقتى، يەنى 12- ئاينىڭ بېشى بولۇپ، دەريا سۈلىرى قار - مۇز بىلەن ئارىلىشىپ ئېقىپ تۇرغان كۈنلەر ئىدى. يېزا - قىشلاقلار كۆككە تۇتىدىغان سۈلىرىنى دەرياغا قويۇپ بېرىدىغان ۋاقىت بولغاچقا، دەريادا سۇ ناھايىتى كۆپ ئىدى. ئانارقىز دەرياغا چۈشۈش بىلەن ئۇنىڭ تېنىنى قار - مۇزلار يۆگەپ يۇتۇپ ئېلىپ كەتتى. بۇ دەھشەتلىك ۋەقەگە گۇۋاھ بولغۇچى ئۇچار قۇشلار دەريا بويلاپ قانات قېقىپ، تۈرلۈك ئاۋازلار بىلەن سايرىشىپ، ئانارقىزغا ماتەمدە بولدى. بۇ يەرگە قومۇش ئورۇش ئۈچۈن كېلىپ، قومۇشلۇقتا قونۇپ قومۇش ئورىدىغان دېھقانلار ئۇچار قۇشلارنىڭ كېچىدىكى غەلىتە ھەرىكەتلىرىگە قاراپ، بىر خىل قورقۇنچلۇق ۋەقەنىڭ سادىر بولغانلىقىنى ھېس قىلىشتى.

بولدى ئاجايىپ سۈرلۈك قومۇشلۇق،
قاتتىق سادالار ھەم قورقۇنچلۇق.

جاڭگالدا تىترەر قومۇش، چېقىنداق ①،
بۇلۇتلۇق كۆكتىن چۈشمەس يورۇقلۇق.

① چېقىنداق — بىر خىل ئۆسۈملۈك



بۇ دەشت - باياۋان تولغان ساداغا،
تورغاي، قىرغاۋۇل پەريادى كۈچلۈك.

توغراق بېشىدا قىقاسۇ پەرياد،
چۈغۈندەك، پاختەك، قارغا، ھۇۋقۇشلۇق.

دەريا سۈيىمۇ ئۆركەشلىگەن ھال،
جاڭگال - باياۋان ماتەم تۇتۇشلۇق.

جاڭگالدا تۇرغان كالا ۋە قويلار،
سەكرەپ ۋە ئىرغاپ مۆ دەپ بىھوشلۇق.

جاڭگالدا قونغان قومۇشچى دېھقان،
قورقۇنچىدىن يوق كۆزى يۇمۇشلۇق.

بۇنداقمۇ ۋەقە بولمىغاندۇر ھېچ،
بۇ سىر ھېچكىمگە بولماس ئۇقۇشلۇق.

كەتتى جاھاندىن ئەپسۇس ئانارقىز،
دەريا بويىدا ماتەم تۇتۇشلۇق.

## 2

ما تىتەينىڭ جاللاتلىرى ئانارقىزنى ئىزدەپ ھېچقانداق يەردىن تاپالماي، بىرقانچىلىغان بىگۇناھ ئادەملەرنى گۇمان بىلەن

تۇتۇپ قاماپ قويدى. ئانارقىزنى تاپالمىغىنىغا ئاچچىقلىنىپ ناھايىتى چېچىلغان ما تىتەي بۇ ئىشنى ناھايىتى مەخپىي تۇتتى. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، بىرىنچىدىن قەشقەردىكى ئىككى خارجى كونسۇل (سوۋېت ئىتتىپاقى كونسۇلى بىلەن ئەنگلىيە كونسۇلى) دىن نومۇس قىلدى؛ ئىككىنچىدىن ما تىتەيگە قارشى كىشىلەر ئانارقىزنى ئۆرۈمچىگە ئېلىپ بېرىپ، ياڭ زېڭشىن ئالدىدا مېنى ئەيىبلەپ ئۇسال قىلارمۇ دېگەن ئەندىشىدە بولدى.

مەرھۇم پاك جىسىملىق، ساپ كۆڭۈل ئانارقىزنىڭ جەسىتىنى خانئېرىق دەرياسىنىڭ سۈيى ئېقىتىپ، دەريانىڭ ئايىغىدىكى «شاۋاز كۆۋرۈكى» نىڭ قوزۇقلىرىغا چىرماشتۇرۇپ قويغان ئىدى. ئارىدا 2 — 3 ئاي ئۆتۈپ ھاۋا ئىسسىدى. جاھان سېرىق ئاپتاپ بولۇپ، دەريادىكى مۇزلار ئېرىپ، سۇلار ئۆز ھالى بىلەن ئېقىشقا باشلىغان مەزگىلدە ياپچان، يېڭىسارلىق يولۇچىلار كۆۋرۈك ئۈستىدىن ئۆتتۈۋېتىپ، بىر ئايالنىڭ قوزۇققا چىرمىشىپ قالغان جەسىتىنى كۆرۈپ قالدى. بۇ جەسەتنىڭ چاچلىرى سۇدا لەرزان يەلپۈنۈپ، دەريانىڭ قىرغاقلىرىغا ئۈنگەن قىياق مايسىسىدەك لەيلەپ تۇراتتى. بىرنەچچەيلەن كۆۋرۈك ئاستىغا چۈشۈپ، جەسەتنى قوزۇقتىن ئاجرىتىپ ئېلىپ، كۆتۈرۈپ قىرغاققا چىقىپ قارىغۇدەك بولسا، بىر جۇۋان بالا ئىكەن. بۇنى كۆرگەن يولۇچىلار ئىچ ئاغرىتىپ: «بۇ كىمدۇ؟» دەپ تونۇيالماي ھەيران بولۇشتى.

قاراپ باقسا تولۇن ئايدەك قىز يېتىپتۇ،
ئۆزى نازۇك ، قىزىلگۈلدەك يۈز يېتىپتۇ.



ۋۇجۇدىدا دەرد - ئەلەمنىڭ زەخمىتى كۆپ،
سۈزۈك بەدەن، قارا قاشۇكۆز يېتىپتۇ.

قوزۇققا چىرمىشىپتۇ بۇ ھۆرى تەلئەت،
ئۇنىڭ جىسمىنى ئوراپ مۇز يېتىپتۇ.

بۇ ۋەقەدىن خەۋەر تاپقان مۇشۇ ئەتراپتىكى دېھقانلار كېلىپ، جەسەتنىڭ كىيىملىرى بىرئاز ئازادە تۇرغان ھالەتنى كۆرۈپ، يۈزبېشى، بەگلەرگە مەلۇم قىلىشتى. تازغۇنلۇق نىياز-بەگ كېلىپ كۆرۈپ ۋە پەم - پاراسەت بىلەن سېزىپ: « بۇ، ما تىتەينىڭ قاچقان خوتۇنى بولسا كېرەك» دەپ فەن لۇگگەنگە مەلۇم قىلدى. فەن لۇگگەن كېلىپ ئانارقىزنى تونۇپ، ما تىتەيگە خەۋەر قىلدى. ما تىتەي ئەھۋالنى ئۇقۇپ نومۇس قىلىپ، مەرھۇمە ئانارقىزنىڭ جەسىتىنى «شاۋاز كۆۋرۈكى»نىڭ شىمالىدىكى «جاڭگال مازار» غا دەپنە قىلدۇرۇپ: «بۇ ھەقتە گەپ - سۆز تارقاتقانلارنى ئاڭلىسام، تۇتۇپ تىلىنى كېسىمەن» دەپ بەگ، يۈزبېشىلەرگە قاتتىق تاپشۇرۇق قىلدى.

## 3

مەرھۇمە ئانارقىزنىڭ جەسىتىنى كۆرگەن ۋە ئۇنى سۇدىن چىقىرىپ ئالغان يولۇچىلارنىڭ قىسمەنلىرى يېڭىسارلىق ئىدى. ئۇلار يېڭىسارغا قايتقاندىن كېيىن، «شاۋاز كۆۋرۈكى»دە تېپىلغان جەسەت ۋەقەسىنى كىشىلەرگە سۆزلەپ تارقىتىۋەتتى. بۇ خەۋەر قۇلاقتىن - قۇلاققا ئاڭلاندى.

سارىخان بىچارە ئانارقىزنىڭ ۋاپات بولغان خەۋىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، نالە - پەرياد قىلىپ يىغلىغانچە يۇرتىدىن چىقىپ پىيادە مېڭىپ «شاۋاز كۆۋرۈكى»گە يېتىپ كەلدى. بۇ جايدا كىشىلەردىن سوراشتۇرۇپ ۋە ئەھۋالنى ئۇقۇپ، يىغلىغانچە ئۆزىنى كاچاتلاپ پەرياد قىلىپ، مەرھۇمە ئانارقىز دەپنە قىلىنغان «جاڭگال مازار»غا يېتىپ كەلدى. ئۇ، ئانارقىزنىڭ قەبرىسىنى قۇچاقلاپ پەرياد كۆتۈرۈپ، گاھى ھوشىدىن كېتىپ، گاھى ھوشىغا كېلىپ، بىرقانچە كۈن قەبرىستانلىقتا ياتتى. سارىخاننىڭ بۇ ھالىدىن شۇ ئەتراپتا ئولتۇرۇشلۇق كىشىلەر بىخەۋەر ئىدى. مازار ئارىلاپ ئۆتكەن قىسمەن يولۇچىلار سارىخانغا نان - پان بېرىشتى. بۇ جەرياندا سارىخاننىڭ تېنى زەئىپلىشىپ كەتتى.

بىر كېچىسى سارىخان قىزنىڭ قەبرىسىگە يۆلىنىپ ئۇيقۇغا كېتىپ، چۈشىدە ئانارقىزنى كۆردى. ئانارقىزنىڭ ھۆسن - جامالى ناھايىتى گۈزەل، چاچلىرى بېلىگە چۈشكەن، قولىدا بىر دەستە گۈل بار، ئۇ ئانىسى سارىخانغا قاراپ: «ھەي ئانا، سېنى تولا سېغىندىم. مەن يولۇڭغا ئىنتىزار، سەن پاتراق يېنىمغا كەل» دەپلا غايىب بولدى. سارىخان بۇ چۈشنى كۆرۈپ ئويغىنىپ، يۈرەك - باغرى ئېرىپ سۇ بولدى، ئۆزى دەرمانسىزلىنىپ ئورنىدىن تۇرالماي قەبرىستانلىقتا يېتىپ قالدى.

تاڭ ئېتىشى بىلەن بىر جۈپ ئەر - ئايال قەبرىستانلىققا كېلىپ، قۇرئان - تىلاۋەت قىلىپ دۇئا ياندۇرغاندىن كېيىن، بىر ئايالنىڭ قەبرىگە يۆلىنىپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭدىن ئەھۋال سورىدى. سارىخان بولغان ۋەقەلەرنى قىسقىچە سۆزلەپ كېلىپ، بۈگۈن كۆرگەن چۈشىنى ئۇلارغا



ئېيتىپ بەرگەندىن كېيىن، ئاغزىدىن لەختە - لەختە قان كېلىپ، ئانارقىزنىڭ قەبرىسىگە بېشىنى قويۇپ جان ئۈزدى. بۇ ھالنى كۆرگەن ئەر - ئايال دەرھال يۇرتقا خەۋەر قىلدى. جامائەت يىغىلىپ، سارىخاننى يۇيۇپ - تاراپ ۋە نامىزىنى چۈشۈرۈپ، مەرھۇمە ئانارقىزنىڭ قەبرىسى يېنىغا دەپنە قىلدى. بۇ ئانا - بالا ئىككى دەردمەن قوش قەبرە ئىچىدە مەڭگۈلۈك ئۇيقۇغا كەتتى.



# ئاخىرقى سۆز

دەريا سۈيىگە پاك تېنىنى ئېتىپ، ھەسرەتلىك ھاياتىنى ھەقىقىي مۇھەببەت ئۈچۈن بېغىشلاپ، فېئودالىق جەمئىيەتتىكى قىز - ئاياللارنى خارلايدىغان يۇقىرى تەبىقە زالىم مۇستەبىتلەرگە قارشى ئۆز ھاياتىنى قۇربان قىلىش ئارقىلىق ئىسيانكارلىق روھىنى ئىپادىلىگەن، ھەقىقەت يولىدا قۇربان بولغۇچى قىزلاردىن قەشقەر ۋىلايىتىدە ئىككى نەپەر ۋاپادار، پاك روھلۇق ئىنسان ئۆتكەن. ئۇنىڭ بىرسى، يېڭىشەھەر ناھىيە بايتوقايدىن چىققان رابىيە ئۆز سۆيگىنى سەيدىنگە ۋاپادارلىقى بىلەن ئۆزىنى تەلۋىچۇك دەرياسىغا تاشلاپ، ۋاپا يولىدا ۋاپات بولغان ئىدى. بۇ ۋەقە ئۆتمۈشتە ئابدۇرېھىم نىزارى قەلىمىنىڭ سايرىشى بىلەن يېزىلغان ۋە سەھنىلەشتۈرۈلگەن . ئىككىنچىسى، مانا بۇ ئانارقىزنىڭ پاجىئەسى بولۇپ، رابىيە - سەيدىن بىلەن ئانارخان پاجىئەسى بىر - بىرىدىن قېلىشمايدىغان ھەسرەتلىك، يادىكارلىق ھېكايىلاردۇر.

ئانارقىزنى ئالداپ، ما تىتەيگە سوۋغا قىلغان ھېلىقى يېڭىسارلىق بەگ ئۇزاق ئۆتمەي پارالىچ كېسەللىكىگە مۇپتىلا بولۇپ، بىرقانچە يىل داۋالىنىپمۇ ساقىيالماي، خارلىق تارتىپ ئۆلدى. بۇ مۇناپىق بەگنىڭ جەسىتىگە يۇرت ئەھلى لەنەت -



نەپرەت بىلەن قاراپ، ئۇنىڭ ھايات ۋاقتىدا خەلققە سالغان زۇلۇملىرىنى بىرمۇبىر ئەسلەشتى.

ئانارقىزنى مەجبۇرىي تۇتۇپ تۆھپىگە،
سولاپ بەردى مەلئۇن تاۋار كۆرپىگە.

ئانارقىز قىساسى بۇ مەلئۇنغا ھەق،
لەنەت قىلدى ئۇنىڭغا جىمىكى خەلق.

مەرھۇمە ئانارقىز ئۆزىنى تاشلىغان دەريا بويىدىكى قومۇشلۇقتا بەش كۈن يېتىپ - قوپۇپ قومۇش ئورۇغان تازغۇن يېزا تار ئازاقلىق قەيسەر، ئۆستەڭبويىلىق سەلەي بوۋاي ئاشۇ كېچىدە يۈز بەرگەن پاجىئەنى كۆرگەن بولسىمۇ، ھېچبىر ئىلاجىنى قىلالمىغان. ئۇلار بۇ سىرنى ھېچ كىشىگە دېمەي، تاكى ما تىتەي ئۆلگەندىن كېيىن باشقىلارغا سۆزلەپ بەرگەن.

بۇ ۋەقەدىن 11 ئاي ئۆتكەندە، ما تىتەيگە ئۆلۈم بۆھرانى يۈزلەندى. ما تىتەي ياڭ زېڭشىنغا بويسۇنماي، چەت ئەل كۈچلىرىنىڭ كۈشكۈرتىشى بىلەن قەشقەردە ئۆزى بەگ - ئۆزى خان بولۇۋالغان ئىدى. ئەينى چاغدىكى قەشقەر ۋالىيسى جۇرۇيچى بىلەن قەشقەر كونىشەھەر ئامبىلى ما شاۋۋۇنىڭ ئوتتۇرىسىدا قاتتىق زىددىيەت بولغاچقا، ما تىتەي بۇ ئەھۋالنى ياڭ زېڭشىنغا مەلۇم قىلمايلا، ئۇلارنىڭ ئەمىلىنى ئېلىپ تاشلاپ، تامغىسىنى تارتىۋېلىپ، قەشقەردىن ھەيدەپ چىقارغان. ياڭ زېڭشىن بۇ ئەھۋالنى ئۇققان بولسىمۇ، لېكىن ما تىتەيگە گېپىنى ئۆتكۈزەلمەي، ئىلاجسىز ھالدا جۇرۇيچىنى

ئاقسۇنىڭ ۋالىيسى، ما شاۋۋۇنى ئۇچتۇرپان ئامبىلى قىلىپ تەيىنلىگەن.

ياڭ زېڭشىن بىر مەزگىلدىن كېيىن، ما تىتەينى يوقىتىش ئۈچۈن، ئۇچتۇرپان ئامبىلى ما شاۋۋۇغا مەخپىي بۇيرۇق بېرىپ، ئۇنى قوراللاندۇرۇپ، قەشقەرگە ھۇجۇم قىلدۇرغان. ما شاۋۋۇ 1924- يىل 5- ئاينىڭ 7- كۈنى ما تىتەينى تۇتۇپ ئۆلۈم جازاسى بېرىپ ئىجرا قىلغان. ما تىتەينىڭ جەسىتىگە 18 پاي ئوق ئېتىلىپ، بىرقانچە كۈن دارغا ئېسىلغان. ئۇنىڭ توپلىغان بارلىق مال - مۈلكى مۇسادىرە قىلىنىپ، ۋەيران بولغان.

قىلاي پاش ئەمدى ما تىتەي دېگەن زالىمنى، مەككارنى،
قىلىپ يالغان مۇسۇلمانلىق، يوقاتقان ئۇ نومۇس - ئارنى.

ھۆكۈم سۈرگەن ئىدى ئون يىل بولۇپ پىرئەۋن① كەبى ياۋۇز،
يالاپ قەشقەر ۋىلايەتنى، يەنە ھەم تويمىغان قارنى.

دىيار ئەھلى كۆرمىگەن ھېچ مۇنداق شەرمەندە ئۇنسۇرنى،
قۇلاق ھەم ئىشىتمىگەن ئالەمدە مۇنچە زۇلۇم بارنى.

ھاشارغا تۇتۇلۇپ يۇقىرا ياغاچ - تاشنى يۇدۇپ ھارماي،
توشۇپ سوخوغا يول ئالغان كېچىپ يامغۇر بىلەن قارنى.

ئېرىق - ئۆستەڭ ئېلىپ سايدىن تۇگۇرمەن - سوقىلار چۆرۈپ،
تىتەيگە ئىشلىگەن كۈن - تۈن توسۇپ ئۆستەڭ بىلەن يارنى.

① پىرئەۋن —— مىسىردا ئۆتكەن پادىشاھ.



تولا ئالۋان كېلىپ يۇقىرا تۇرالماي ئۆيىدە بىر كۈن،
قېچىپ تاغۇباياۋانغا، ماكان قىلغان يوچۇن غارنى.

تىتەينىڭ نامىغا ئۆتكەن ھېسابسىز يەر - زېمىن، ئۆي-جاي،
كۆمۈش - ئالتۇنغا تولدۇرغان سېلىپ بىرقانچە ئامبارنى.

كىشىنىڭ بىر چىرايلىق خاتۇنى، يا قىزىنى كۆرسە،
ھايا قىلماي «ماڭا بەر» دەپ ئەۋەتكەن غالچا - ھەمكارنى.

قارا لايىنى «ئېسىل موم» دەپ ھۈنەرۋەنگە سېتىپ زورلاپ،
ئامانلىق بەرمىگەن قاچ - قاچ قىلىپ ھەر ھەپتە بازارنى.

زۇلۇم دەستىدە يۇقرالار ئېتىلغان، گۈندىغا چۈشكەن،
كىشەن - زەنجىرگە بەنت بولۇپ گۇناھسىز يېگەن ئازارنى.

كېسەل چاپلاشسا بۇ جانغا شەھەر - سەھرادا دوختۇر يوق،
كۆرۈڭلار ھەر تاماندا ئاۋۇغان قەبرىنى، مازارنى.

جاھالەت بىرلە تولغان يۇرت، مائارىپتىن ئەسەر يوقتۇر،
ئوغۇل ياشلار كەسىپ ئەتكەن نەشە، ئەپيۇننى، قىمارنى.

مانا ئاخىر بۇ پەلىد ئىتنىڭ پەيمانى تولۇپ تاشتى،
ئەجەل ئوقى كېلىپ تەگدى، ئاڭا تىكلەپ ئېگىز دارنى .

书中主要记述马提台对喀什各族人民的压迫以及他强娶英吉沙县女性阿娜尔汉，但她不愿意当马提台的妻子而跳河自绝的历史悲剧。

مەسئۇل مۇھەررىرى: **غولام ئەبەيدۇللا**

مەسئۇل كوررېكتورى: **ئايشەم ئابدۇۋەلى**

ئوقۇپ تەكشۈرگۈچى: **باقىھاجى تەۋەككۈل**

## ما تىتەي ۋە ئانارقىز پاجىئەسى

ئاپتورى: **ئىمىرھۈسەيىن قازىھاجىم**

نەشرگە تەييارلىغۇچى: **ئابدۇرېھىم ھاشىم**

---

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشرقىلىپ تارقاتتى
(قەشقەر شەھىرى تاربوغۇز يولى 14- قورۇ، پوچتا نومۇرى:84400)
جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرى ساتىدۇ
«قەشقەر گېزىتى» باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى:1092×787م م 32 / 1 باسما تاۋىقى: 2·125
2002- يىل 10- ئاي 1- نەشرى2002- يىل 10- ئاي 1- بېسىلىشى
تىراژى: 3270 —1

---

ISBN7 — 5373 — 1057 — 2 / I·282
باھاسى: 4·50 يۈەن

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: مەخمۇتجان تۇردى

ISBN 7-5373-1057-2

9 787537 310574 >

ISBN 7—5373—1057—2
I.282（民文）定价：4. 50 元

# ماتتەي دەۋرى ۋە قەمبەرخان پاجىئەسى

## (ئوچرىك) 1-قىسىم

ئابدۇمىجىت مۇھەممەتئېلى

1

!




شەھەر ئىچىدە ماتتەينىڭ چېرىكلىرى قىقاس-چۇقان كۆتۈرۈپ، يولدىن ئۆتكەن-كەچكەنلەرنى موم سېتىۋېلىشقا مەجبۇرلاۋاتقان كۈنلەردە شەھەرنىڭ چېتىگىرەك جايلاشقان، ياپپېشىل مەنزىرىسى كىشىنى مەپتۇن قىلىدىغان چۇمبۇسنىڭ ئەرەمباغ مەھەللىسىدىكى يوغان بىر تۈپ ئۈژمە دەرىخىنىڭ سايىسىدا قاتارلىشىپ ئولتۇرۇپ، يىپ ئىگىرىۋاتقان بىر توپ ئايال ھارغىنلىق يەتكەندەك چاقلىرىنى بىر پەس توختىتىپ، قولىدا دۇتتار تۇتۇۋالغان چىرايلىق، كېلىشكەن، زىلۋا بويلۇق بىر

ئايالغا كۆز تىكىشمەكتە ئىدى. ئايالنىڭ قولىدىكى دۇتتار لەرزان ئاۋاز بىلەن بارا-بارا يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، قاتار كەتكەن دەرەخلەردىن ھالقىپ ئۆتۈپ، ھويلىدا،ئۆيدە، باغدا، ئېتىزلىقتا ئىش-ئوقەت بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتقانلارنىڭ دىققىتىنى تارتتى. ئايالنىڭ دۇتتار پەدىسىگە تەڭكەش بولۇپ ياڭرىغان ئاۋازى بارچە كىشىنى مەپتۇن قىلغان بولسا، چولاق تامنىڭ كەينىدىن ئايااللار توپىغا ئوغرى مۈشۈكتەك قاراۋاتقان بىر گەۋدىنىڭ كۆزلىرىدىن ھەسەت ئوتى چاقناپ، پۈتۈن ئەزايىغا تىترەك ئولاشتى. ناخشىچى ئايالنىڭ دۇتتار چېلىپ ئېيتقان ناخشىسى قانچىكى ئەۋجىگە چىققانسىرى ھەسەتخور يۈرەك شۇنچىكى رېتىمسىز دۈپۈلدەيتى.

ياش راۋاپچى مەمەتئېلى قەشقەر شەھىرىنىڭ قازانچى مەھەللىسىدىكى ئەمدىلا يېتىلگەن ناخشىچى قىز-ھاۋاخان بىلەن توي قىلىپ، ئۇزاق ئۆتمەي ئۇنىڭ مەھەللىسى بۆلەكچىلا جانلىنىپ كەتتى. ھاۋاخان بۇ مەھەللىدىكى ئايااللارنىڭ گۈل تاجىسىغا ئايلاندى. ھاۋاخانىنىڭ مەھەللىدىكى ئىناۋىتىنىڭ بارغانسىرى يۇقىرىلاپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن ھاۋاخانىنىڭ يەڭگىسى سەلىمىخان تېرىسىگە سىغمايلا قالدى. ئۇنىڭ يۈرىكى ھەسەت ئوتىدا پۇچۇلىناتتى. ئۇ ھەسرىتىنى ئىچىگە سىغدۇرالماي، ئېرى-ئۆمەر ئاخۇنغا قايناپلا كەتتى.

-ئىنىڭنىڭ خوتۇنى جىن-شەيتاننى باشلاپ كېلىدىغان ئالىلقاندىق بىر نېمىلەرنى كەلسە-كەلمەس توۋلاپ، ئادەمنىڭ ئىمانىنى سۇسلاشتۇرىدىغان ئىشلارنى قىلىۋاتىدۇ. ئەگەر مۇشۇنداق كېتىۋېرىدىغان بولسا، ئۇنىڭ كاساپىتى بىزگىمۇ تېگىپ كېتىپ، ئىشلىرىمىزدا بەرىكەت بولمايدۇ. شۇڭا سەن ئىنىڭغا گەپ قىل، ئايالىنى جىن-شەيتانىنىڭ ئىشلىرىدىن توسسۇن،ئايال كىشى دېگەن ئۆينىڭ بەندىسى.

ئۆمەر ئاخۇن ئايالىنىڭ ھازازۇللىقىنى ئوبدان بىلگەچكە، دەسلەپتە ئۇنىڭ

سۆزلىرىگە ئانچە ئېرەن قىلىپمۇ كەتمىدى،بىراق مەھەللىدىكى بىر قانچە ئاقساقالنىڭ تەنبىھلىرى ئۆمەر ئاخۇننى چۆچۈتۈپ قويدى. بۇ ئاقساقاللار دەسلەپتە مەمەتئېلىگىمۇ تەنبىھ بەرگەن ئىدى، بىراق مەمەتئېلى بۇ تەنبىھلەرگە ئانچە ئېرەن قىلىپ كەتمەي، ئۆز ئىشى بىلەن مەشغۇل بولىۋەردى. ئۇ ھاۋاخاننى ئوبدان چۈشۈنەتتى. ئۇنى ھۆرمەتلەيتى. شۇڭا ئۇ ھاۋاخاننى ناخشا ئېيتىپ، ساز چېلىشتىن توسمىدى. ئاقساقاللارنىڭ تەنبىھلىرى ئۆمەر ئاخۇننىڭ قۇلىقىغا يەتكەندە ئۇنى ئويغا سېلىپ قويدى. ئۇ مەمەتئېلىنىڭ ھويلىسىغا كىرىپ كەلدى ـ دە،زەردەبىلەن:

ـ ئايالىڭنى ساز چېلىپ، ناخشا ئېيتىشتىن دەرھال توس. ئۇنداق قىلمايدىكەنسەن، سېنىمۇ بۇ يەردە تۇرغۇزمايمەن،ـ دېدى.بىراق مەمەتئېلى ئاكىسىنىڭ گەپلىرىگە ئارتۇقچە جاۋاپ قايتۇرماي، ئۆز ئىشى بىلەن مەشغۇل بولىۋەردى. ھاۋاخاننىڭ ناخشىسى، دۇتتارى مەھەللە ئاسمىنىدا ياڭراۋەردى.

بىر كۈنى مەمەتئېلى ئۆزىنىڭ ھويلا بېغىدا سەي تېرىيدىغان يېرىنى چاناۋاتاتتى، باغقا تۇيۇقسىز كىرىپ كەلگەن ئۆمەر ئاخۇن خۇددى توشقانغا ئېتىلغان بۆركۈتتەك، مەمەتئېلىغا ئېتىلىپ كېلىپ، ئۇنى يەرگە بېسىۋالدى:

ـ ئايالىڭ دوتەي ـ ئامباللارنى تىللاپ قوشاق توقۇپتۇ، بۇنىڭدىن بىر پېشكەللىكنى سېزىۋاتىمەن. ئەگەر ئايالىڭنىڭ ناخشىلىرىنى ماتتەينىڭ چېرىكلىرى ئاڭلاپ قالسا، بىزگە ياخشى كۈن يوق. شۇڭا ئايالىڭنى كۆزدىن يوقات!بولمىسا، سېنىمۇ ئۆيىدىن ھەيدەپ چىقىرىۋېتىمەن،ـ دېدى.

باغدىكى ۋاراڭ ـ چۇرۇڭنى ئاڭلىغان ھاۋاخان باغقا كىرىپ كەلدى ـ دە، ئۆمەر ئاخۇننىڭ مەمەتئېلىنى بېسىۋالغانلىقىنى كۆرۈپ، ھاڭ ـ تاڭ قىلىپ، جايىدا تۇرۇپلا قالدى. ئاكىسىنىڭ تېگىدە قېلىپ، تىنالمايۋاتقان مەمەتئېلى ئىنجىقلاپ تۇرۇپ:

ـ ئاكا، ئايالىمنىڭ بويىدا بار، ئۇ بىر بالىغا ئانا بولۇش ئالدىدا تۇرۇۋاتىدۇ، مۇشۇ

هالدا ئۇنى ھەيدىۋەتسەك، ئۇنىڭغا ئۇۋال قىلىپ قويغان بولۇپ قالىمىز-دېيەلىدى.

-ئۇنداق گەپلىرىڭنى قوي!ئاڭلىغۇم يوق. ھازىر ئايالىڭنى تالاق قىلسەن، ئايالىڭ ئەنە ئالدىڭدا تۇرۇپتۇ، «ئۈچ تالاق»-دە!

ئۆمەر ئاخۇن مەمەتئېلىنىڭ بېشىنى تۆۋەنگە باستى. يەردىكى نەم پوكان توپىلار مەمەتئېلىنىڭ ئېغىز-بۇرۇنلىرىغا كىرىپ كەتتى. ئۇ ئاغرىق ئازابىغا چىدىماي، «ئۈچ تالاق»،«ئۈچ تالاق» دەپ ۋارقىرىۋەتتى. ھاۋاخاننىڭ پۈتۈن ئەزايىغا تىترەك ئولاشتى.تامچە-تامچە ياشلار ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئاستا سىرغىپ چۈشمەكتە ئىدى.مەمەتئېلىنىڭ ئاغزىدىن ھېلىقى گەپنى ئاڭلىغان ئۆمەر ئاخۇن ئېغىر بىر تىنىدى-دە، مەمەتئېلىنى قويۇۋېتىپ، چاپىنىدىكى توپىلارنى قېقىشتۇرۇپ، بىر ياندا يىغلامسىراپ تۇرغان ھاۋاخانغا بىر ئالىيىپ قويدى-دە، باغدىن چىقىپ كەتتى. ھاۋاخاننىڭ ئازاپلىق چىرايىنى،كۆزلىرىدىن ئېقىۋاتقان ياشلارنى كۆرگەن مەمەتئېلىمۇ ئىختىيارسىز ھالدا كۆزلىرىدىن ياش تۆكتى. ھاۋاخان ئېغىر قەدەملىرىنى تەستە يۆتكەپ باغدىن چىقتى-دە، كىيىم-كېچەكلىرىنى يوغان بىر ياغلىققا چېگىپ بولغاندىن كېيىن،تومپىيىپ چىققان قورسىقىنى ئاستا سىلاپ قويۇپ، ئۆيدىن چىقىپ كەتتى.

2

ئانا ئۇلۇغ،ئانا مۇقەددەس،ئانا بىر ئادەمنىڭ ھاياتىدىكى يولنى يورۇتۇپ تۇرغۇچى نۇرلۇق چىراق. خۇراپىيلىق پاتقىقىغا پاتقان ئۆمەر ئاخۇن ۋە سەلىمخاندەك، كىشلەرنىڭ خارلىشىغا ئۇچراپ، بەختلىك ئائىلىسى ئېغىر دەرىجىدە دەپسەندە قىلىنغان ھاۋاخان ئۆز ئۆيىگە قايتىپ كېلىپ،مېھرىبان ئانىسى-زورىخاننىڭ قۇچىقىغا ئۆزىنى ئاتتى. قىزىنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغان ئانا تەمكىنلىك بىلەن قىزىنىڭ بېشىنى

سلاپ تۇرۇپ:

-قىزىم، ئۇلار سېنى خارلىغان بولسا، كېرەك يوق.مەن سېنى جېنىمدىنمۇ ئەزىز كۆرىمەن. مەن ئۆمۈرۋايەت ساڭا زەررىچە ئازار بەرمەيمەن،-دېدى.

شۇنداق قىلىپ ھاۋاخان ئۆز ئۆيىدە تۇرۇپ قالدى. ئۇ دائىم مەمەتئېلىنى ئەسلەپ تۇراتتى. ئۇ ئائىلىسىنىڭ يېڭىباشتىن ئەسلىگە كېلىشىنى بەكمۇ ئارزۇ قىلاتتى، بىراق ئايال كىشى دېگەن ئاجىز تۇرسا، ئۇنىڭ قانچىلىك ئىشلارغا كۈچى يېتىدۇ دەيسىز؟ ئۇ پەقەت كۆز ياشلىرى، ئېغىر ئۇھ تارتىشلار ئارقىلىقلا ئۆزىنىڭ دەرت-ھەسرىتىنى ئازراقلا يەڭگىللىتەلەيدۇ-خالاس.

كۈنلەر ئۆتتى، ئايلار ئۆتتى. ھاۋاخاننىڭ ئاي-كۈنى يېقىنلىشىپ، بىر قىز تۇغدى.بوۋاقنىڭ يۈزلىرى، كۆزلىرى يۇمۇلاق، چىرايى سۈتتەك ئاپپاق ئىدى. زورىخان بۇ قىزغا قەۋەتلا ئېچىكىپ كەتتى.قىزغا «قەمبەرخان»دېگەن چىرايلىق ئىسمنى قويۇپ قويدى. ئانا-بالا ئىككەيلەن بۇ بوۋاقنى مىڭ تەسلىكتە چوڭ قىلىۋاتاتتى. ئۇلار بوۋاقنىڭ تۇغۇلغانلىقى ھەققىدە مەمەتئېلىگە خەۋەر بەرمىدى، بىراق ئەر كىشى بولمىغان بۇ ئائىلىدە ئېغىر قىيىنچىلىق بولۇپ، بۇلارنىڭ نورمال تۇرمۇشىغا ئېغىر دەرىجىدە تەسىر يەتتى.

بىر كۈنى زورىخان ئېغىر كېسەل بولۇپ، يېتىپ قالدى. ھاۋاخان قىزى-قەمبەرخانغا بۇلماق ئېتىپ يېگۈزگەندىن كېيىن ئانىسىغا تاماق ئېتىشكە تەرەددۇت قىلىپ، كۆكتات بازىرىغا كۆكتات ئالغىلى باردى. ئۇ سەي-كۆكتات ئېلىپ، كەينىگە بۇرۇلۇشىغا قول-چوماقچىلىرى بىلەن بىللە بازارنى ئارىلاپ يۈرگەن مافۇشقا ئۇچراپ قالدى. قىزنىڭ كېلىشكەن قەددى-قامىتىنى كۆرگەن مافۇشنىڭ تاماقلىرىنى چاكىلدىتىپ قويۇپ، چوماقچىلىرىغا ئىشارەت قىلدى. تىتەينىڭ قول-چوماقچىلىرى يوپۇرۇلۇپ كېلىپ ھاۋاخاننى تۇتتۇۋالدى-دە، ئۇنىڭ قارشىلىقىغا پىسەنتمۇ قىلماي، ئۇنى تىتەي

ئوردىسغا ئېلىپ كەتتى.ھاۋاخانىنىڭ ئىز-دېرەكسىز يوقاپ كەتكەنلىكىنى كۆرگەن زورىخان ئانا بەكمۇ بىئارام بولۇپ، كېسىلى تېخىمۇ ئېغىرلىشىپ كەتتى. ئەمدىلا تۆت ئايلىق بولغان بوۋاقنىڭ قىقىراپ يىغلىشى يۈرەكنى ئېزەتتى. بىراق كېسەلچان قېرى ئانىنىڭ بۇ بوۋاقنى بېقىشقا قانداقمۇ قۇربىتى يەتسۇن؟

بىر نەچچە ھەپتىگىچە، ئۆيگە قايتماي يامۇلدا ئىشلىگەن ئىسمايىل ئەسكەرنىڭ ئايالى ھەمراخان ئادەم ئەۋەتكەندىن كېيىنلا ئاندىن ئۆيگە قايتىپ كەلدى. ئۇ شۇ كۈنى ئۆز ئۆيىدە قونۇپ قالماقچى بولغان ئىدى. ئۇ تەرەت ئېلىپ ناماز ئوقۇش ئۈچۈن ئوۋرۇقنى كۆتۈرۈپ ھويلىغا چىقتى. ئۇ ھويلا تېمىنىڭ ئۇ تەرىپىدىن قىقىراپ يىغلاۋاتقان بوۋاقنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ، تۇرۇپلا قالدى. ئۇنىڭ كاللىسىنى گادىرماچ خىياللار چىرمىۋالغان ئىدى. ئۇ تۇغۇلغىنىغا ئۈچ ئاي بولماي، ئۆلۈپ كەتكەن قىزىنى يادىغا ئالدى.ئۇنىڭ كۆزلىرىگە ياش كەلدى. ئۇ ئۆيگە كىرىپ يىڭنە ئىشى قىلىۋاتقان ھەمراخاندىن:

-قوشنىمىز زورىخانىنىڭ ئۆيىدە يىغلاۋاتقان بوۋاق كىمنىڭ بالىسى؟-دەپ سورىدى. ھەمراخان يېقىندىن بۇيان پات-پات زورىخانىنىڭ ئۆيىگە چىقىپ، ئانا-بالا ئىككەيلەن بىلەن مۇڭدىشىپ ئولتۇرۇپ قالاتتى. شۇڭا ئۇ ھاۋاخانىنىڭ ھەممە ئىشلىرىدىن خەۋەردار ئىدى. شۇڭا ئەسكەرگە سۆزلەپ بەردى.

-ئەگەر ئانا-بالا ئىككىسى قوشۇلسا،ئۇلارنىڭ بالىسىنى بىز بېقىۋالغان بولاتتۇق،-دېدى ئەسكەر.

ھەمراخانمۇ ئۇزاقتىن بۇيان بۇ بالىنى بېقىۋېلىشنى كۆڭلىگە پۈككەن بولسىمۇ بىراق بۇ ئىشنى قانداق ئۇسۇلدا زورىخانغا دېيىشنى بىلەلمەيۋاتاتتى. ئىسمايىل ئەسكەرنىڭ گېپى ئۇنىڭغا ياغدەك ياقتى. ھاۋاخانىنىڭ تىتەي ئوردىسغا بۇلاپ كېتىلگەنلىكى ھەمراخانغا بوۋاقنى بېقىۋېلىش پۇرسىتى ئېلىپ كەلگەن ئىدى...

1924-يىلى 8-ئاينىڭ16-كۈنى قانخور جاللات مافۇشىڭ خەنچىڭ(هازىرقى يېڭىشەھەر)دىكى چوڭ سېپىل ئاستىغا جايلاشقان جامەئە ئالدىدا ياڭ زىڭشىن تەرىپىدىن دارغا ئېسىلىپ 71 يېشىدا ئۆلدى. ئۇنىڭ سەككىز يىللىق زۇلمەتلىك هۆكۈمرانلىقى شۇنىڭ بىلەن ئاخىرلاشتى.

مافۇشىڭ ئوردىسىدا ئىككى ئايغىچە يەتكۈچە خورلۇق- ئازاپلارنى چەككەن هاۋاخان ماتىتەي دارغا ئېسىلغاندىن كېيىن،ئۇ مۇدهش قەلئەنىڭ ئىچىدىن قۇتۇلۇپ، تىتەي ئوردىسىنىڭ مەپىسىنى ھەيدەيدىغان مەپىكەشنىڭ ياردىمىدە ئۆز ئۆيىگە قايتىپ كەلدى. بىراق هاۋاخان ئۆيىگە قايتىپ كەلگەندە زورىخان ئانا ئاللىقاچان ئالەمدىن ئۆتكەن ئىدى. بۇ چەكسىز دەرت-ئەلەمدىن هاۋاخاننىڭ يۈرىكى چەكسىز ئۆرتەندى. ئۇ ئاسمانغا چىقاي دېسە، ئاسمان يىراق، يەرگە كىرەي دېسە، يەر قاتتىق ئىدى. هاۋاخان تېخى ئانا سۈتىگە قېنىپ بولالمىغان قىزى-قەمبەرخاننىڭ ئىز-دېرىكىنى قىلدى. مافۇشىڭ دارغا ئېسىلغاندىن كېيىن ئىسمايىل ئەسكەر ئۆزىنى چەتكە ئېلىپ قەشقەردىن كېتىپ قالغانىدى.

كۈز كۈنلىرىنىڭ بىرىدە ئىككى ئات قوشۇلغان، ئۈستىگە لىق يۈك باسقان بىر مەپە قازانچى مەھەللىسىدىن چىقىپ ،بەشكىرەم يولىغا چۈشتى-دە، ئۇزاققا كەتكەن ساي يولىدىن ئۆتۈپ، تاغ قاپتىلى ئارىسىغا كىرىپ كەتتى. بۇ هارۋىدا ئىسمايىل ئەسكەر، هەمراخان بار بولۇپ، قەمبەرخان هەمراخاننىڭ قۇچىقىدا تاتلىق ئۇخلاۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ ئاخىرقى مەنزىلى كۇچارغا كېلىپ توختىغان ئىدى.

ئىسمايىل ئەسكەرلەر كۇچاردا يەتتە يىل تۇرغاندىن كىيىن ئاتۇشقا كۆچۈپ كىلىپ، مەشھەت دېگەن يېرىدە ئولتۇراقلىشىپ قالدى.

خوش، ئەمدى هاۋاخانغا كىلەيلى.

هاۋاخان قىزى-قەمبەرخاننى ئىسمايىل ئەسكەرلەرنىڭ ئېلىپ كەتكەنلىكىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن هاياتلىق يولى ئىزدەپ، دادىسىنىڭ ئاۋاتتىكى تۇغقانلىرىنى پاناه تارتىپ ئاۋاتقا كەلدى. بىراق ئۇ ئاۋاتتىكى تۇغقانلىرىنى ھېچيەردىن تاپالمىدى. ئۇ ئەمدى نېمە قىلىشى كېرەك؟بۇ دۇنيادىن پۈتۈنلەي ۋاز كېچىش كېرەكمۇ؟ياق. ئەگەر ئۇ بۇ دۇنيادىن ۋاز كەچسە، ئۆز ئەجداتلىرىغا قانداقمۇ يۈز كېلەلەيدۇ، ئانا سۈتىگە قانمىغان سۆيۈملۈك قىزىغا قانداقمۇ يۈز كېلەلەيدۇ؟ ئۇنىڭ ۋىجدانى ياشاشقا، يېڭىدىن هاياتلىق يولى تېپىشقا ئۈندەۋاتاتتى.

كىيىملىرى كونىراپ يىرتىلىپ كەتكەن،چىرايى تامدەك ئاقىرىپ كەتكەن هاۋاخان ئاۋاتنىڭ توپىلىق يوللىرىدا ئېغىر قەدەملىرى بىلەن بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ كېلىۋاتاتتى. ئۇسساپ كەتكەنلىكتىن ئۇنىڭ لەۋلىرى گەز باغلاپ كەتكەن ئىدى.ئۇ شىلدىرلاپ سۇ ئېقىۋاتقان ئېرىق بويىغا كەلدى. ئېرىقتا دوغاپتەك لاي سۇ ئېقىۋاتاتتى. لاي سۇ ئېچىشكە ئۇنىڭ رايى بارمىدى بولغاي، يەنە يولنى داۋاملاشتۇرۇپ مېڭىپ كەتتى. ئۇسسۇزلۇق، ئاچلىق، هارغىنلىق ئاخىرى ئۇنى توپا ئۈستىگە يىقىتتى.

يۈقىرى جاڭزىدىكى تويدىن قايتىپ كېلىۋاتقان ئاۋاتنىڭ بېگى-ئابلابەگ يول ئۈستىدە بىر ئايالنىڭ هۇشسىز ياتقىنىنى كۆرۈپ قالدى-دە، مالايلىرىنى بۇيرۇپ ئايالنى هارۋىغا ئالدى.

ئابلابەگ ئاۋات يېزىسىنىڭ ئۇزۇن مەزگىل بەگلىك تەختىدە ئولتۇرغان بېگى بولۇپ، ئىنتايىن ھەققانىيەتچى، ئادىل، كەمبەغەل غېرىپ-غۇرۋالارنىڭ هالىغا يېتىدىغان ئادەم ئىدى. ھەممە پۇخرالار ئۇنىڭدىن بەكمۇ رازى ئىدى. ئابلابەگ هاۋاخاننىڭ ئېچىنىشلىق كەچۈرمىشلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئىچى سېيرىلىپ كەتتى. ئەمدى هاۋاخانغا ئاتىدارچىلىق قىلىپ، ئۇنى ئۆز ئۆيىدە تۇرغۇزۇپ قالدى.

كۈنلەر ئۆتتى، ئايلار ئۆتتى. ھاۋاخاننىڭ مۇڭلۇق كۈيلىرى، جاراڭلىق ناخشىلىرى ئابلابەگنى قاتتىق مەپتۇن قىلىۋالدى. ئۇ ئەنە شۇ مەستخۇشلۇق ئىچىدە ھاۋاخاننىڭ رازىلىقىنى ئېلىپ، ئۇنى ئۆز ئەمرىگە ئالدى. بىر قانچە يىل ئۆتكەن بولسىمۇ ئابلابەگ ھاۋاخاندىن بالا يۈزى كۆرمىدى.

بىر كۈنى ئابلابەگ ھاۋاخاننىڭ ھويلىدىكى پىشايۋاندا مۇڭلۇنۇپ ئولتۇرۇپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، نېمىگە مۇنچە مۇڭلۇنۇپ ئولتۇرۇپ كەتكەنلىكىنى سورىدى.

ـقىزىمـقەمبەرخاننى ئەسلەپ قالدىم،ـدېدى ھاۋاخان.

ـئۇنداق بولسا، قىزىمىزنىڭ ئىزـدېرىكىنى قىلىپ باقايلى،ـدېدى ئابلابەگ.

ئابلابەگ ئىزچىل تۈردە ھاۋاخاننىڭ ھالىغا يېتەتتى. ئۇنىڭ ھەر قانداق تەلىپىنى بىجانىدىل ئورۇندايتى. ئۇ ھاۋاخاننىڭ قىزىنى تېپىش ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، تەرەپـتەرەپكە ئادەم ئەۋەتىپ،قەمبەرخاننىڭ ئىزـدىرىكىنى قىلدى. لېكىن قەمبەرخاننى ھېچيەردىن تاپالمىدى. ھاۋاخاننىڭ كۆزلىرىدىن ياش تاراملاپ ئاقتى. ئابلا بەگ ئۇنىڭغا تەسەللي بېرەتتى.

ئارىدىن 7ـ8 يىل ئۆتكەندە ئابلابەگنىڭ چاپارمەنلىرى قەمبەرخاننىڭ ئاتۇشنىڭ مەشھەت دېگەن يېرىدە ئىسمايىل ئەسكەرنىڭ تەربىيەسىدە بولىۋاتقانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەرنى ئېلىپ كەلدى.

ھاۋاخاننىڭ ئۈمىدلىك كۆزلىرى يوغان ئېچىلدى. چىرايىغا كۈلكە يۈگۈردى. خەۋەرنى ئاڭلىغان ئابلابەگ دەرھال ئۈچ ئات قوشۇلغان مەپە تەييارلاپ بۇغدايلار پىشقان ئوما كۈنلىرىنىڭ بىرىدە سەھەر يولغا چىقىپ، قۇمسىغى يولى ئارقىلىق، ئاتۇشنىڭ مەشھەت دېگەن يېرىگە يېتىپ كەلدى.

سۈپسۈزۈك سۇلار ئېقىۋاتقان ئېرىقنىڭ بويىدا 7ـ8 ياشلار چامىسىدىكى بىر نەچچە قىز جىجىق ئويناۋاتاتتى. چاچلىرى ئۇششاق ئۆرۈلگەن 8ـ7 ياشلاردىكى چىرايلىققىنە بىر

قىز جىجىق ئويناۋاتقان قۇتىسىنى بىر تىپىۋىدى، قۇتا يۇمىلانغان پېتى نېرىراقتىكى يول بويىدا توختىدى.قىز قۇتىدىن كۆزىنى ئۈزمەي بېرىپ، قۇتىغا ئېڭىشىشىگە يوغان بىر قول قىزنىڭ بېشىنى ئاستا تۇتتى. قىز چۆچۈپ ئۈستىگە قارىدى.بېشىغا غىجىم رومال ئارتقان، ئۈچىسىغا خۇرما رەڭ رەختتىن تىكىلگەن چاپان،كۆن نۇرىدا پارقىراپ تۇرىدىغان كۆڭلەك كەيگەن بۇغداي ئۆڭلۈك بىر ئايال كۈلۈمسىرىگەن هالدا قىزغا قاراپ تۇراتتى.

-ئىسمىڭىز نىمە؟،-دىدى ئايال قىزنىڭ بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ.

-قەمبەرخان،-دەپ جاۋاپ بەردى قىز.

-ئاتا-ئانىڭىزنىڭ ئىسمىچۇ؟،-دەپ سورىدى ئايال يەنە.

-دادامنىڭ ئىسمى ئىسمايىلئاخۇن.ئانامنىڭ ئىسمى-هەمراخان،-دەپ جاۋاپ بەردى قىز.

شۇ چاغدا يوغان دەرۋازىلىق هويلىنىڭ ئىچىدىن بىر ئايالنىڭ «قەمبەرخان» دەپ چاقىرغان ئاۋازى ئاڭلاندى. قىز يەردىن قۇتىسىنى ئېلىپ يۈگۈرگىنىچە ئۆيىگە كىرىپ كەتتى. هېلىقى ئايالنىڭ كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش تۆكۈلدى. ئۇ كەينىگە بۇرۇلۇپ، 30-40-قەدەم مېڭىپ،قايرىلما يولنىڭ دوقمۇشىدا ئۆزىنى ساقلاپ تۇرغان ئابلابەگنىڭ يېنىغا كەلدى.

-قىزىمىزنى كۆرەلىدىڭلارمۇ؟-دەپ سورىدى ئابلابەگ.

-هەئە كۆردۈم،-دېدى هاۋاخان. بايىقى كۆرگەنلىرىنى سۆزلەپ بەردى.

-ئۇنداق بولسا ،-دېدى ئابلابەگ ماۋۇ ئىككەيلەننى ئىسمايىل ئاخۇننىڭ ئۆيىگە ئەۋەتەيلى، قىزىمىزنى قايتۇرۇپ كەلسۇن.

-ياق بېگىم، هازىر ۋاقتى ئەمەس، قىزىمىز تېخى كىچىك. قىزىمىز چوڭ بولۇپ، ئەقىل توختاتقىچە، تەخىر قىلىپ تۇرايلى،-دېدى هاۋاخان.

ئابلابەگ هاۋاخانىنىڭ سۆزىگە قايىل بولۇپ، بېشىنى لىڭشىتتى. ئاتلىق مەپە كولدۇرمىلىرىنى جىرىڭلىتىپ، يەنە قەشقەر تامان يۈرۈپ كەتتى.....

## جاۋاپسىز قالغان سۇئال

## 4

1935-يىلى ئاتۇشتا بەگلىك تۈزۈمى ئەمەلدىن قالدۇرلۇپ، يېڭىدىن ناھىيە تەسىس قىلىنىپ، پەيزىۋات ناھىيەسىنىڭ باشقۇرۇشىدىن قەشقەر دوتەي يامۇلىنىڭ بىۋاستە باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزىۋېلىندى. ئۇستۈن ئاتۇش يېزىسى قەشقەرنىڭ باشقۇرۇشىدىن ئاتۇش ناھىيەسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئايرىپ بېرىلدى. قەشقەر دوتەي يامۇلىدىن ئەۋەتىلگەن قاسىم دېگەن كىشى ئاتۇش ناھىيەسىگە هاكىم بولدى. شۇ يىللاردا يېڭى مەدەنىيەت هەرىكىتىنىڭ باشلامچىسى-مەمەتئېلى توختاجى(تەۋپىق)ئەپەندىنىڭ تۈرتكىسى بىلەن ئاتۇشتا مەدەنىي ئاقارتىش هەرىكىتى كەڭ تۈردە ئەۋج ئېلىپ كەتتى.ئۇزاق ئۆتمەي ئاتۇش ناھيەلىك مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى، ئۇنىڭدىن كېيىن ئاتۇش ناھيەلىك سانايى نەپىسە قۇرۇلۇپ، ئابدۇكىرىم ئىمىن سانايى نەپىسەگە مەسئۇل بولدى. شۇ چاغدا سانايى نەپسەگە قۇربان ئىبرايىم، مىرەخمەت سېيىت،ئەمەت ئىلھام قاتارلىق بىر تۈركۈم سەنئەتكارلار توپلاشتى. ئاتۇش مەشھەتتىكى پىشقەدەم سەنئەتكار ئەمەت ئىلھام قەمبەرخانىنىڭ

سانايى نەپسەگە قوبۇل قىلىنغان ۋاقىتىدىكى ئىشلارنى ئەسلەپ مۇنداق دەيدۇ:

-مەن قۇربان ئىبرايىم، ئابدۇكېرىم ئىمىن ،مىرەخمەت سىيىت قاتارلىق بىر نەچچەيلەن تۆۋەنگە چۈشۈپ، سانايى نەپسەگە ئارتىست قوبۇل قىلماقچى بولدۇق. مەشھەت كەنتىگە كەلگىنىمىزدە يىراقتىنلا بىر قىزنىڭ دۇتتار چېلىپ، ناخشا ئېيتقان يېقىملىق ئاۋازى ئاڭلاندى. بىز دوقمۇشتىن قايرىلىپ قارىساق، بىر قانچە قىز ئورىنۇالغان قەمبەرخان ئېرىق بويىدىكى سۆگەتنىڭ سايىسىدا ئولتۇرۇپ، دۇتتار چېلىپ ناخشا ئېيتىۋېتىپتۇ. مەن شۇ چاغدىلا قەمبەرخاننىڭ سەنئەت جەھەتتە تالانتى بار بىر قىز ئىكەنلىكىنى سەزگەندىم. .....

ئاتۇش ناھىيەلىك ساقچى ئىدارىسىدا ئىشلەۋاتقان ئىسمايىل ئەسكەر قىزى قەمبەرخاننى ناھىيەلىك سانايى نەپسەگە قوبۇل قىلماقچى بولغانلىقىنى ئاڭلاپ، ئاچچىقلانغىنىدىن قۇيقا چېچى تىك تۇرۇپ كەتتى. دەسلەپتە ئۇ قىزىنىڭ ئارتىست بولىشىغا زادى قوشۇلمىدى. ئابدۇكېرىم ئىمىن،قۇربان ئىبرايىم قاتارلىقلارنىڭ قايتا-قايتا خىزمەت ئىشلىشى ئارقىسىدا ئىسمايىل ئەسكەر قەمبەرخاننىڭ ئارتىستكا بولىشىغا قوشۇلدى.

قەمبەرخان سانايى نەپسەگە قوبۇل قىلىنغاندىن كىيىن، ئۆزىنىڭ دۇتتار چېلىش، ناخشا ئېيتىش جەھەتتىكى تالانتىنى نامايەن قىلىپ، خەلق ئىچىگە تىزلا تونۇلدى. شۇ چاغدا ئاتۇش سەھنىلىرىدە «غېرىپ-سەنەم»،«رابىيە-سەيدىن»،«تاھىر زوھرا» قاتارلىق دراما، ئوپېرالار كەينى-كەينىدىن ئوينالغان بولۇپ، قۇربان ئىبرايىم، مىرەخمەت سىيىتلەر غېرىپ، تاھىر، سەيدىن قاتارلىقلارنىڭ رولىنى ئالغان بولسا، قەمبەرخان ئىسمايىل سەنەم، رابىيە، زۆھرەلەرنىڭ رولىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئويناپ، ئاتۇش ناھىيەسىدىكى كەڭ ئەمگەكچى خەلقنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى. بىراق گۈلنىڭمۇ تىكىنى بار دېگەندەك، قەمبەرخان ئىسمايىل كەڭ خەلق تەرىپىدىن

ئالقىشلىنىۋاتقان كۈنلەردە قەمبەرخان توغرۇلۇق بەزى ئەپقاچتى گەپلەر كىشىلەر ئارىسىدا ئاندا-ساندا پەيدا بولۇپ قالدى:

-قەمبەرخاننى ئىسمايىل ئەسكەر بېقىۋاپتىكەن.

-ئۇنىڭ ئۆز ئاتا-ئانىسىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى ھېچكىم بىلمەيدىكەن.

-ئۇ داڭلىق سەنئەتچى بولغان بىلەن تېگى-تەكتىنىڭ تايىنى يوقكەن.

-ئۇنى تېخى ماتتەي نىڭ پۇشتى دەمدۇ، ئەيتاۋۇر....

بۇنداق پىتنە-پاسات گەپلەر قەمبەرخاننىڭ قۇلىقىغىمۇ يېتىپ ئۈلگۈردى. ئۇ بۇ گەپلەرنى ئاڭلىماسقا سېلىپ، شۇنچە تىرىشقان بولسىمۇ لېكىن بۇ پىتنە-پاسات گەپلەر ئۇنىڭ كاللىسىغا كىرىۋېلىپ، زادى ئارام بەرمەيۋاتاتتى. ئاشۇنداق پىتنە-پاسات گەپلەرنىڭ كاساپىتىدىن قەمبەرخان ئىسمايىل تۇرمۇشتا ئېغىر بەختسىزلىككە دۇچار بولدى. ئۇ ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ، روزى قۇربان، ئارىپ قاتارلىقلار بىلەن تۇرمۇش قۇرغان بولسىمۇ لېكىن بۇلار قەمبەرخان توغرۇلۇق ئۆسەك سۆزلەرگە ئىشىنىپ كېتىپ، قەمبەرخاننى ئۆيىدىن قوغلىۋەتتى. شۇ چاغدا ئاتۇش ناھىيەلىك ھۆكۈمەتتە ئەمەلدار بولۇپ ئىشلەۋاتقان مامۇتجان ھېيت قەمبەرخاننىڭ بېشىغا كەلگەن دەرت-ئەلەمدىن ئېچىنىپ، پىتنە-پاسات گەپلەرگە پىسەنت قىلماي، قەمبەرخان ئىسمايىل بىلەن توي قىلدى.شۇنىڭ بىلەن قەمبەرخاننىڭ يېڭىچە ھاياتى باشلاندى. قەمبەرخان شۇ چاغدىلا پىتنە-پاسات گەپلەرنىڭ راست-يالغانلىقىنى بىلىپ بېقىش ئۈچۈن ئىسمايىل بىلەن ھەمراخاندىن سۈرۈشتە قىلماقچى بولدى-يۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى ئاياپ، دەرت-ئەلىمىنى ئىچىگە يۇتىۋەتتى. بولدى، ئۇ مامۇتجان بىلەن ياخشى تۇرمۇش كۆچۈرۈۋاتىدۇ. مامۇتجان ئۇنى ھۆرمەتلەيدۇ، قەدىرلەيدۇ.قانداق تەلىپى بولسا، بىجاندىل ئورۇندايدۇ. شۇنداق ئىكەن قەمبەرخاننىڭ يەنە ئىلگىرىكى ئىشلارنى كوچىلاپ يۈرۈشىنىڭ نېمە ھاجىتى؟

ئاتۇش مەشھەتتىكى مەرھۇم تاھىرھاجىم قەمبەرخان ئىسمايىلنى ئەسلەپ مۇنداق دەيدۇ:

12 ياش ۋاقتىلىرىم بولسا كېرەك، ئاتۇش ناھىيەلىك نەپىسەدىن مېنى ئارتىستلىققا قوبۇل قىلغىلى كەپتىكەن، چۈنكى، شۇ چاغدا گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ كەنتلەرنى بۇلاڭ-تالاڭ قىلغانلىقى مەزمۇن قىلىنغان بىر دراما ئوينىلىدىغان بولۇپ، مەن شۇ درامىدا كەنتتىكى بىر كىچىك بالىنىڭ رولىنى ئېلىپ چىقتىم. قەمبەرخانمۇ شۇ درامىمىدا رول ئېلىپ چىققان. ئۇ ھەقىقەتەن تالانتلىق سەنئەتكار ئىدى. كېيىن مەن قەمبەرخاننى مەشھەتتىكى ئۆيىگە كەلگەندە پات-پات كۆرۈپ تۇرغانتىم. ئەينى ۋاقىتتا ئۇ شۇنچىلىك ئېغىر-بېسىق، كەمسۆز ئەدەپ-دىيانەتلىك ئايال ئىدى. دائىم دېگۈدەك يەردىن بېشىنى كۆتەرمەي يۇرەتتى. لېكىن سەھنىدە دۇتتار چېلىپ، ناخشا ئېيتقان ۋاقىتتا،كىشىلەر ئۇنىڭغا ھاڭۋېقىپلا قاراپ قالاتتى.....

1947-يىلى كۈزدە قۇربان ئىبرايىمنىڭ تونۇشتۇرىشى بىلەن ئاتۇش ناھىيەلىك سانايى نەپىسەدە ئىشلەۋاتقان قەمبەرخان ئىسمايىل بىلەن تاجىنسا خانىم شىنجاڭ ئۆلكىلىك سەنئەت ئۆمىگىگە تاللىنىپ كەتتى. شۇ چاغدا مامۇتجان قەمبەرخان بىلەن بىرلىكتە ئىككى بالىسنى ئېلىپ، ئۈرۈمچىگە كۆچۈپ كەلدى. مامۇتجان ئۆلكىلىك مالىيە نازارىتىگە يۆتكەلدى.

ئۆز قىزىنىڭ پىراقىدا ھىجران ئازابى تارتىۋاتقان ھاۋاخان پات-پات ئاتۇشقا چىقىپ، قىزىنىڭ ئىز-دېرىگىنى قىلىپ تۇرغان بولسىمۇ،لېكىن قىزى بىلەن كۆرۈشۈپ، ھەقىقىي ئەھۋالنى ئېيتىپ بېرىشنى راۋا كۆرمىدى. ئۇ قەمبەرخاننىڭ كۆڭلىنى ئاياپتتى. قىزىنىڭ كۆڭلىنى غەش قىلىشنى خالىمايتتى. ئۇ پەقەت قەمبەرخان بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرسىلا خاتىرجەملىك ئىچىدە ياشىسىلا شۇنىڭغا رازى ئىدى. ئۇ ئەگەر ئۆزىنىڭ ئېچىنىشلىق كەچۈرمىشىنى قەمبەرخانغا سۆزلەپ بەرسە، قەمبەرخاننىڭ ئىسمايىل

ئەسكەر ۋە ھەمراخانلار بىلەن ھاۋاخان ئارىسىدا تەڭقىسلىقتا قېلىپ، ئازاپلىنىدىغانلىقىنى بىلەتتى. شۇڭا ئۇ قىزىغا ھەققىي ئەھۋالنى ئېيتىدىغان مۇۋاپىق پەيتنى كۈتۈپ تۇرغان ئىدى. قەمبەرخاننىڭ ئۇرۇمچىگە يۆتكىلىپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلىغان ھاۋاخان قىزىغا ھەققىي ئەھۋالنى ئاشكارىلاش توغرىسىدا ئۇزاق ئويلاندى. «قەمبەرخان ھازىر ئۇرۇمچىدە خىزمەت قىلىۋاتىدۇ، ئەمدى قەمبەرخانغا ھەققىي ئەھۋالنى ئاشكارىلاشنىڭ پەيتى كەلدى. قەمبەرخان مېنىڭ باغرىمنى يېرىپ چۈشكەن يۈرەك پارەم تۇرسا، ھەققىي ئەھۋالنى قاچانغىچە يوشۇرۇپ يۈرۈيمەن.»ھاۋاخان ئويلىغانلىرىنى ئابلابەگكە ئېيتىۋىدى، ئابلابەگ ئۇنىڭ تەلپىگە قوشۇلۇپ، قەمبەرخاننىڭ يول خىراجىتىگە يېتەرلىك راسخوت ئەۋەتىپ بېرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ھاۋاخان قىزى-قەمبەرخانغا خەت يازدى.

## 5

«قىزىم، توققۇز ئاي، توققۇز كۈن قوساق كۆتۈرۈپ، سىزنى تۇغقان ئانىڭىز بولساممۇ،بىراق تەتۈر پەلەكنىڭ قىسمىتىدىن سىزنى 20 نەچچە يىلدىن بۇيان بىرەر قېتىممۇ ‹قىزىم› دەپ باغرىمغا باسالمىدىم. سىزنىڭ دىدارىڭىزغا قانالمىدىم. 20 نەچچە يىللىق ھىجران ئازابى مېنى تولىمۇ قىيىنماقتا. يۈرىكىم ئاشۇ ھىجران ئازابىنىڭ دەستىدىن بارغانسىرى زەئىپلەشمەكتە. بەلكىم، مېنىڭ بۇ دۇنيادا كۆرىدىغان كۈنۈم ئاز قالغاندۇ، شۇڭا سىزدىن ئەڭ ئاخىرقى قېتىم كۈتىدىغىنىم-سىز ئېغىر كۆرمەي بىر قەشقەرگە بىر قېتىم كەلگەن بولسىڭىز. سىزنى قىزىم، دەپ بىر قېتىم باغرىمغا بېسىۋېلىپ،ئۆلۈپ كەتسەم ئارمىنىم يوق ئىدى.»

خەتنى ئوقۇپ قەمبەرخان بىر ھازاغىچە بىر نۇقتىغا تىكىلىپ تۇرۇپ قالدى. بۇ

خەتتىكى ئىشلارنىڭ چۈشى بولۇپ قېلىشنى، بىر دەملىك چۈشتىن ئويغۇنۇپ كېتىشنى تولىمۇ ئارزۇ قىلاتتى. بىراق بۇ كۆز ئالدىدىكى رىياللىقنى قوبۇل قىلماسلىققا ئامالسىز قالدى.

ئۇ ئىشتىن چۈشكەندىن كېيىن ئۆيگە قايتىپ كىلىپ، خەتنى مامۇتجانغا بەردى ۋە خەت يازغان ئايالنىڭ يولىغا كىتەرلىك راسخوتلارنىمۇ ئەۋەتىپ بەرگەنلىكىنى ئېيتىپ بەردى. مامۇتجان خەتنى ئوقۇپ چىقىپ، ھەيران قالدى. بىر نەچچە كۈنگىچە مامۇتجان بىلەن قەمبەرخان خەتتىكى ئىشلار توغرىسىدا باش قاتۇرماقتا ئىدى.

ئەگەر قەمبەرخاننىڭ قەشقەرگە كېلىپ، ئۆزىنى تۇغقان ئانىسى بىلەن كۆرۈشكەنلىكىنى ئىسمايىل ئەسكەر بىلەن ھەمراخان ئۇقۇپ قالسا، ئۇلار نېمىلەرنى ئويلاپ كېتەر؟ كۆپ قېتىملىق ئويلىنىشلاردىن كېيىن، قەمبەرخان ئاخىرى قەشقەرگە بېرىپ، تۇغقان ئانىسى بىلەن دىدارلىشىش قارارىغا كەلدى. مامۇتجان زۆرۈر تەييارلىقلارنى پۈتتۈرۈپ،قەشقەرگە يولغا سالدى.

1948-يىلى كۈز پەسلى. ئىككى ئات قوشۇلغان مەپە ئابلابەگنىڭ ھەشەمەتلىك قورۇسى ئالدىدا توختىدى. بوخچا كۆتۈرۈۋالغان قەمبەرخان مەپىدىن چۈشتى. ئابلابەگنىڭ چاپارمەنلىرى ئىچكىرى سارايغا كىرىپ، ئابلابەگكە دۇتتار چېلىپ، ناخشا ئېيتىپ بېرىۋاتقان ھاۋاخانغا قەمبەرخاننىڭ كەلگەنلىكىنى خەۋەر قىلدى.

ھاۋاخان دۇتتارنى قويۇپ، ئىشىك ئالدىغا چىقتى. ئانا-بالا ئىككىسى قۇچاقلاشتى. ئانىنىڭ 25 يىللىق ھىجران ئازابى ئاخىرى يېشىلدى. ئانا-بالىنىڭ يىغا-زارىنى كۆرگەن ئابلابەگ ئۇلۇغ-كىچىك تىنىپ قويدى.

ئانا قىزنى باشلاپ ئۆيگە كىردى. ئابلابەگ ھاۋاخانغا قەمبەرخاننى ئالاھىدە كۈتۈۋېلىشنى جېكىلەپ، ئۆزىنىڭ دېدەكلىرىنى بۇ ئىشقا ياردەملىشىشكە چاقىردى. قەمبەرخاننىڭ ئۈرۈمچىدىن قەشقەرگە كېلىپ، ئۆز ئانىسى بىلەن دىدارلاشقانلىقىدىن

خەۋەر تاپقان سەلىمخان، قىزى ـ تۇخان، ۋە ئۆمەر ئاخۇننىڭ شاگىرتى ـ هەززى هاجىنى ئېلىپ، ئۆمەرئاخۇندىن يوشۇرۇنچە، ئاۋاتقا يولغا چىقىپ، ئابلابەگنىڭ قورۇسىغا يېتىپ كەلدى. هاۋاخان سەلىمخانلارنى قىزغىن قارشى ئېلىپ، ئۆيىدە يەتتە كۈن تۇرغۇزۇپ، ئوبدان مېھمان قىلدى. ئەزەل قىسمەتتە شۇنداق پۈتۈلگەنمۇ هاۋاخان سەلىمخانلار توغرىسىدا قەمبەرخانغا هېچنەرسە ئېيتىپ بەرمىدى. قەمبەرخانمۇ بۇ هەقتە ئارتۇقچە گەپ سورىمىدى. سەلىمخانغا هەمراھ بولۇپ بارغان هەززى هاجى (2001 ـ يىلى 7 ـ ئايدا 80 يېشىدا ۋاپات بولغان)شۇ چاغدىكى ئىشلارنى ئەسلەپ مۇنداق دېگەنىدى: مەن سەلىمخان ئاچىغا هەمراھ بولۇپ ئاۋاتقا بارغان ۋاختىمدا قەمبەرخاننى كۆرگەن. ئۇ ئۇزۇن چاچلىرى تېقىمىغا چۈشۈپ تۇرىدىغان،قويۇق قاشلىق، هۆسۈن لاتاپەتلىك، چىرايلىق ئايال ئىدى. هاۋاخان قىزنى ئېرىق بويىدا ئولتۇرغۇزۇپ، چېچىنى تاراپ، 40 تال قىلىپ ئۆرۈپ قويغان ئىدى. هاۋاخان مېنى بىر ياققا تارتىپ: «بالام،بۇ سىلەرنىڭ تۇغقىنىڭلار بولىدۇ، ئەتۇر پەلەكنىڭ قىسمىتىدىن بۇ قىزىمنى مەن باقالماي قالغان. هازىر ئۇ ئۇرۇمچىدە ئارتىست.» ـ دېگەنىدى...

سەلىمخاننىڭ ئۆزىدىن يوشۇرۇنچە مەمەتئېلىنىڭ قىزى ـ قەمبەرخان بىلەن كۆرۈشۈپ كەلگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئۆمەرئاخۇن سەلىمخانغا كايىپ كەتتى:

ـ بۇ گەپنى ماڭا دېسەڭ بولمامدۇ؟ مەمەتئېلىمۇ سەن بىلەن بىرگە بېرىپ، قىزنى كۆرۈپ كېلەتتى ئەمەسمۇ؟

قىزنىڭ كەلگەنلىكىدىن خەۋەر تاپقان مەمەتئېلى ئاۋاتقا ئىزدەپ بارغان بولسىمۇ قەمبەرخاننىڭ ئىدارىسىدىن رۇخسەت سورىغان ۋاقتى توشۇپ، ئۇرۇمچىگە كېتىپ بولغان ئىدى. مەمەتئېلى قاتتىق ئازاپلىنىش ئىچىدە چۈمبۈسقا قايتىپ كەلدى.

ۋاقت ئۆتكەنسرى هاۋاخاننىڭ قىزنى بىر كۆرۈش ئارزۇسى بارغانچە كۈچىيشكە باشلىدى. قەمبەرخاننىڭ ئاۋاتتا تۇرغان ۋاقتىدىكى ئۇنتۇلماس منۇتلار هاۋاخاننىڭ كۆز ئالدىدىن خۇددى كىنو ئېكرانىدەك، ئۆتمەكتە ئىدى. شۇ ۋاقتلاردا هەممىلا يەردە يەر ئىسلاهاتى ئېلىپ بېرىلىپ، باي-پومشچىكلارنىڭ يەرلىرى مۇسادىرە قىلىندى. ئابلابەگ ئىنتايىن ئادالەتپەرۋەر بەگ بولغانلىقى ئۈچۈن، هۆكۈمەت ئۇنىڭغا كەڭچىللىك قىلىش سياستىنى قوللاندى. ئابلابەگ گەرچە هاۋاخاننى ئىنتايىن قەدىرلەپ كەلگەن بولسىمۇ، بىراق ئۇنىڭ كېيىنكى خوتۇنلىرى هاۋاخاننى پاتۇرماي، هە دېسىلا ئۇنى يەكلەپ تۇردى. بۇ دەرت-ئەلەمنى ئىچىگە سىغدۇرالمىغان هاۋاخان ئابلابەگنى خەۋەرلەندۈرمەيلا 20 نەچچە يىل هايات كۆچۈرگەن بۇ قورۇدىن ئايرىلىپ،ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلدى.

ئۆز ئىدارىسىدا يىغىنغا قاتنىشۋاتقان مامۇتجان بىرسىنىڭ ئىزدەپ كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ، دەرۋازا ئالدىغا چىقتى. دەرۋازا ئالدىدا بىر ئايال ئۆكسۈلى ئۆچكەن هالدا غەمكىن تۇراتتى. ئىككەيلەن تېنچلىق-ئامانلىق سورۇشۇپ، ئەهۋاللاشقاندىن كېيىن قەمبەرخانمۇ ئىشتىن قايتىپ كەلدى. ئانا-بالا دىدارلىشىپ، قىزغىن مۇڭداشتى. هاۋاخان قەمبەرخاننىڭ ئۆيىدە قىزغىن كۈتۈۋېلىندى. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئىسمايىل ئەسكەر بىلەن هەمراخانمۇ ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلدى.

هۆكىمەت خادىملىرىنىڭ دەم ئېلىش كۈنى. قەمبەرخان هەمراخانغا تاماق ئېتىپ بېرىش ئۈچۈن، بالدۇر لەغمەنگە تۇتۇش قىلدى. هاۋخان بىر تەرەپتە خېمىر يۇغۇرۇۋاتاتتى. سىرتتىن سەي ئېلىپ كىرگەن قەمبەرخان هاۋاخانغا قاراپ ئۇزاققىچە تۇرۇپ قالدى.

-نېمىنى ئويلاپ قالدىلا، قىزىم؟-دېدى هاۋاخان.

-سلىدىن بىر ئىشنى سورىيالماي كېلىۋاتىمەن، ئانا. سورىسام كۆڭۈللىرىگە كېلەرمۇ؟،-دېدى قەمبەرخان تەمكىنلىك بىلەن.

-نېمە گەپ بولسا، سوراۋەرسلە، قىزىم. –دېدى ھاۋاخان.

-بىر چاغلاردا مەن كىشلەرنىڭ ئاغزىدىن «تېگى-تەكتىنىڭ تايىنى يوق.»دېگەن گەپلەرنى ئاڭلاپ قېلىپ، گاڭگىراپ قالغان ئىدىم. مەن سلىدىن سوراپ باقاي، مېنىڭ دادام كىم؟ ئۇ قەيەردە؟-دېدى قەمبەرخان.

بۇگەپنى ئاڭلىغان ھاۋاخاننىڭ پۇت-قولى بوشاپ كەتتى. خېمىر يۇغۇرىۋاتقان قولى ھەرىكەتتىن توختىدى. ئۇ ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ، دەرىزە ئالدىغا كەلدى.ئۈرۈمچىنىڭ ھاۋاسى بىر ئاز سوغۇق بولۇپ، ئاسماننى بۇلۇت قاپلىۋالغان. ئەتراپ ئىس-تۈتەكلەر بىلەن پۇرقىراپ تۇراتتى. ھاۋاخان ئاغزىنى ئۈمەللەپ، بىر نېمىنى دەي دەپ تۇرىشىغا، ئىشىك ئېچىلىپ ئىسمايىل ئەسكەر بىلەن ھەمراخان كىرىپ كەلدى.قەمبەرخان ئۇلارنى قىزغىن قارشى ئالدى. «رەقىپلەر تار يولدا ئۇچرىشىپتۇ.» دېگەندەك ئىسمايىل ئەسكەر،ھەمراخانلار بىلەن ھاۋاخان بۇ ئۆيدە ئۇچرىشىپ قالدى.

ھەمراخان ھە دېسلا زەھەرلىك نەشتىرىنى ھاۋاخانغا سانجىپ، بىر نەچچە كۈنگىچە ئۇنىڭغا ئارام بەرمىدى.قەمبەرخانغا بولسا:«ھاۋاخان دېگەن ئەيىنى ۋاقىتتا ماتتەتەيگە بۇزۇلغان بۇزۇق، ئۇ ئەيىنى ۋاقىتتا سېنى تاشلاپ، تىتەينىڭ ئوردىسىغا قېچىپ كەتكەن. بىز سېنى ئۆيىمىزگە قايتۇرۇپ كېلىپ، مىڭبىر مۇشەققەتتە چوڭ قىلدۇق. ئۇ نومۇسسىز يەنە سېنىڭ قېشىڭغا كەپتۇ.»دەپ ھاۋاخاننى تىنماي چېقىشتۇردى.ھەمراخاننىڭ گەپلىرىدىن يەنە بىر قېتىم ئازار يېگەن ھاۋاخان بۇ ئۆيدىن ئاستىغىنە سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ، ئۈرۈمچىدىن ئايرىلدى. (شۇ چاغدا ھاۋاخان

بۆگۆردىكى ئىنىسى-مەمەتجاننىڭ ئۆيىگە كىلىپ، ئاخىرقى ئۆمرىنى شۇ يەردە ئۆتكۈزگەن.)

7

1958-يىلى ئىستىل تۈزۈتۈش ھەرىكىتى باشلانغان مەزگىلدە سەنئەت كۆكىدە توختىماي، پەرۋاز قىلغۇاتقان مەشھۇر سەنئەتكار قەمبەرخان ئىسمايىلنىڭ قانىتى سۇندى. ئۇ كۆك قەھرىدىن ھاڭغا چۈشۈپ كەتتى. ئاتۇش مەشھەتتىكى پىشقەدەم سەنئەتكار ئەمەت ئىلھام شۇ ئىشلارنى ئەسلەپ مۇنداق دەيدۇ:

«ئوڭچىللارغا قارشى تۇرۇش كۆرىشى باشلانغان ۋاقىتتا ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتىنىڭ نازىرى- نىياز ئۆمەر ‹ئەكسىيەتچىل ئوڭچىل ئۇنسۇر› ،دەپ تارتىپ چىقىرىلغان ئىدى.

ئىلگىرى قەمبەرخان ‹نىياز ئۆمەرنىڭ قوللىغۇچىسى›دېگەن قالپاقنى كىيىپ سەھنە ھاياتى بىلەن مەڭگۈلۈك خوشلاشتى....

مەشھۇر سەنئەتكار قەمبەرخان ئىسمايىل ئۆزىنىڭ 67 يىللىق ھاياتىدا قانچىلىغان بوران-چاپقۇنلارنى باشتىن كۆچۈردى. ئۇ ھاياتىدا ئۆز دادىسىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلەلمەي، ئارمان بىلەن مەڭگۈلۈك كۆز يۇمدى.

قەمبەرخان ئىسمايىلنىڭ ئېچىنىشلىق تىراگىدىيىسى **ماتتەي** ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردىكى مۇدھىش جەمئىيەتنىڭ ئۇنتۇلماس يادنامىسى بولۇپ قالدى. **ماتتەي** زۇلمەتلىك ھۆكۈمرانلىقنىڭ كاساپىتىدىن يەنە قانچىلىغان كىشىلەرنىڭ ئېغىر دەرىجىدە خانىۋەيران بولۇپ كەتكەنلىكىنى، بىئەجەل ھاياتىدىن ئايرىلىپ كەتكەنلىكىنى بىلىپ بولمايدۇ.

# خاتىمە

مەن كىچىك چاغلىرىمدا دادام مەمەتئېلى ئاخۇندىن بىر ئاچامنىڭ بارلىقىنى پات-پات ئاڭلاپ قالاتتىم. كىچىك بولغانلىقىم ئۈچۈنمىكىن، دادامنىڭ بۇ گەپلىرىگە ئانچە ئېرەن قىلىپ كەتمىگەن ئىكەنمەن. 1988-يىلى مەن قاراشەھەر ناھىيەسىگە بېرىپ، تاغامنىڭ باللىرى بىلەن دىدارلىشىپ، 15كۈن تۇرۇپ قايتىپ كەلدىم. مەن قاراشەھەردىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئەينى ۋاقىتتا قەمبەرخان ئاچىمىز بىلەن كۆرۈشكەن بىر نەۋرە ئاكىمىز-ھەززى ھاجى:

-ئۇكام، ئۆزلىرىنىڭ ئۇرۇق-تۇغقانلارنى ئىزدەيدىغان ياخشى ئادەتلىرى بار ئىكەن. دادىلىرى مەمەتئېلى ئاكىمىزنىڭ تۇنجى قېتىم توي قىلغان ئايالىدىن تۇغۇلغان بىر قىزى بار ئىدى. شۇنىڭ ئىز-دېرىكىنى قىلىپ باققان بولساڭ،-دېدى. ۋە ئەينى چاغدا ئاۋاتتا كۆرگەن-بىلگەنلىرىنى ئېيتىپ بەردى. شۇئان مەندە شۇ ئاچامنى بىر كۆرۈش ئىستىكى تۇغۇلۇپ، بۇ ھەقتە ئىزدىنىشكە كىرىشتىم. ئالاھەزەل ئىككى يىل ئۆتكەندىن كېيىن قەدىرلىك ئاچام –قەمبەرخاننىڭ ئۇرۇمچىدە ئىكەنلىكىدىن خەۋەر تاپتىم. 1991-يىلى 7-ئايدا مەن قەمبەرخان ئىسمايىلنى ئىزدەپ، ئۇنىڭ تۇرالغۇسىغا كېلىپ، ئاچامنىڭ يولدىشى-مامۇتجان ئاكام بىلەن كۆرۈشتۇم. ئەپسۇس،ئاچام قەمبەرخان ئىسمايىل 1990-يىلى 3-ئاينىڭ 17-كۈنى ئالەمدىن ئۆتكەن ئىكەن. تەقدىر-قىسمەت ئاچام بىلەن يۈز كۆرۈشتۈرمىگەن ئىدى. مانا ئالدىمدا بۇ مەشھۇر سەنئەتكارنىڭ يارقىن سىماسى گەۋدىلىنىپ تۇراتتى. مېنىڭ ئاچامنى سېغىنىشلىرىم بىر نەچچە ۋاراق قەغەز يۈزىدە قالدى، خالاس.

ئاپتور-قەشقەر شەھەرلىك 16-ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ پىنسىيۇنېرى.

**2012-يىلى 4-سېنتەبىر يېزىلدى.قەشقەر**